# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى

(1979-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 2-يىغىنىدا ماقۇللانغان ، 1997-يىل 3-ئاينىڭ 14-كۈنى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 5-يىغىنىدا تۈزىتىلدى)

بىرىنچى قىسىم: ئۇمۇمىي پرىنسىپ

بىرىنچى باب :جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە تەدبىقلىنىش دائىرىسى

ئىككىنچى باب :جىنايەت

بىرىنچى پاراگراف: جىنايەت ۋە جىنايى جاۋاپكارلىق

ئىككىنچى پاراگراف :جىنايەتنىڭ تەييارلىنىشى ، ئەمەلگە ئاشماسلىقى ۋە توختىتىلىشى

ئۈچىنچى پارگراف :بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت

ئىككىنچى باب:جىنايى جازا

بىرىنچى پارگراف : جىنايى جازا تۈرى

ئىككىنچى پارگراف :رەجىم

ئۈچىنچى پارگراف :تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش

تۆتىنچى پاراگراف :مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،مۇددەتسىز قاماق جازاسى

بەشىنچى پاراگراف: ئۆلۈم جازاسى

ئالتىنچى پاراگراف :جەرىمانە

يەتتىنچى پاراگراف : سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش

سەككىزىنچى پاراگراف :مال - مۈلكىنى مۇسادىر قىلىش

تۆتىنچى باب :جىنايى جازانىڭ كونكرېت بىرىلىشى

بىرىنچى پاراگراف :جازا ئۆلچەش

ئىككىنچى پاراگراف :تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزۈش

ئۈچۈنچى پاراگراف: ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ۋە خىزمەت كۆرسىتىش

تۆتىنچى پاراگراف :بىر نەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش

بەشىنچى پاراگراف :جازا كېچىكتۈرۈش

ئالتىنچى پاراگراف :جازا كېمەيتىش

يەتتىنچى پاراگراف :شەرتلىك قويۇپ بېرىش

سەككىزىنچى پاراگراف: ۋاقىت چېكى

بەشىنچى باب :باشقا بەلگىلىمىلەر

ئىككىنچى قىسىم :خاس پىرىنسىپ

بىرىنچى باب :دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

ئىككىنچى باب: جامائەت خەۋپسىلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

ئۈچۈنچى باب :سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى

بىرىنچى پارگراف :ساختا ۋە ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ،سېتىش جىنايىتى

ئىككىنچى پارگراف :ئەتكەسچىلىك جىنايىتى

ئۈچۈنچى پاراگراف :شىركەت ۋە كارخانا باشقۇرۇش جىنايىتىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

تۆتىنچى پاراگراف : پۇل ـ مۇئامىلە باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى

بەشىنچى پاراگراف : پۇل ـ مۇئامىلە ئالدامچىلىق جىنايىتى

ئالتىنچى پاراگراف: باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى

يەتتىنچى پاراگراف: بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى

سەككىزىنچى پاراگراف: بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى

تۆتىنچى باب : پۇقرالارنىڭ جىسمانى ھوقۇقى ،دىموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى

بەشىنچى باب :مال ـ مۈلۈكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى

ئـالتىنچى باب :جەمىيئەت باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

بىرىنچى پاراگراف : جامامەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى

ئىككىنچى پاراگراف :ئەدلىيە ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

ئۈچۈنچى پاراگراف :دۆلەت چېگرىسى (چېگرانى ) باشقۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

تۆتىنچى پاراگراف: مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

بەشىنچى پاراگراف: جامائەت تازىلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى

ئالتىنچى پاراگراف: مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى

يەتتىنچى پاراگراف: زەھەرلىك بويۇم ئەتكەسچىلىكى قىلىش ، ئېلىپ ـ سېتىش، توشۇش ، ۋە ياساش جىنايىتى

سەككىزىنچى پاراگراف :باشقىلارنى ئېپپەت نۇمۇسنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، مەجبۇرلاش ، ئازدۇرۇش سولاپ بىرىش ۋە تونۇشتۇرۇش جىنايىتى

توققۇزۇنچى پاراگراف: شەھۋانىي بويۇملارنى ئىشلەش ،ئېلىپ سېتىش ،كۆرستىش جىنايىتى

يەتتىنچى باپ دۆلەت مۇداپىئە مەنپەتىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

سەككىزىنچى باپ خىيانەتچىلىك ،پاراخورلۇق جىنايىتى

توققۇزۇنچى باپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى

ئونىنچى باپ ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى

بىرىنچى قىسىم :ئۇمۇمىي پىرىنسىپ

بىرىنچى باب :جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسىي پىرىنسىپى ۋە تەدبىقلىنىش دائىرىسى

1.ماددا بۇ قانۇن جىنايەتنى جازالاش ، خەلقنى قوغداش مەقسىدىدە ، ئاساسىي قانۇنغا بىنائەن ، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايەتكە قارشى كۆرەشتىكى كونكىرتنى تەجرىبىلىرىگە ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا

بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

.2ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى – جىنايى جازا بىرىش ئارقىلىق بارلىق جىنايى قىلمىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ ، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ، خەلق دېمۇكراتىيىسى دىكتاتورلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش ، دۆلەت مال-مۈلكىنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ، كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال-مۈلكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى مال-مۈلكىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداش ، جەمىيەت تەرتىپىنى ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش.

.3ماددا قانۇندا جىنايى قىلمىش دەپ بەلگىلەنگەن قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ .قانۇندا جىنايى قىلمىش دەپ بەلگىلەنمىگەن قىلمىشلارنى جىنايەت دەپ بېكىتىپ جازالاشقا بولمايدۇ.

. 4ماددا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق ئادەمگە قانۇن بىردەك باراۋەر تەدبىقلىنىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

. 5ماددا جىنايى جازانىڭ ئېغىر – يېنىكلىكى جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىگە ۋە جاۋاپكارلىقىغا ماس كېلىشى كېرەك.

.6ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە سادىر بولغان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ قانۇن

تەتبىقلىنىدۇ ، قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېمە - پاراخۇتلىرىدا ياكى ئاۋىئاتسىيەلىرىدە سادىر بولغان جىنايەتلەرگىمۇ مۇشۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ.

جىنايى قىلمىش ياكى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بىرسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە سادىر بولغان بولسا ، ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە سادىر بولغان جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

7.ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى سىرتىدا مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ ، لېكىن مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىرىنى سۈرۈشتە قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

8.ماددا چەت ئەللىكلەردىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى سىرتىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ياكى ئۇنىڭ پۇقراسىغا قارىتا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ،شۇنداقلا مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدىغانلىرىغا مۇشۇ قانۇن تەتبىقلانسا بولىدۇ .لېكىن جىنايەت سادىر بولغان جاينىڭ قانۇنى بويىچە جازا بېرىلمەيدىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

-9ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تۈزۈشكەن ياكى قاتناشقان خەلقئارا شەرتنامىلەردە بەلگىلەنگەن جىنايەتلەردىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقىنى شەرتنامىدە ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتى دائىرىسىدە يۈرگۈزىدىغانلىرىدا مۇشۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ.

10.ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى سىرتىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىن مۇشۇ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىشقا تېگىشلىك بولغانلىرى چەتئەلدە سوت قىلىنغان بولسىمۇ، مۇشۇ قانۇن بويىچە يەنىلا سۈرۈشتۈرۈلسە بولىدۇ، لېكىن چەتئەلدە جىنايى جازا بېرىلمىگەنلىرىگە جازا كەچۈرۈم قىلىنسا ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ.

11.ماددا دىپلوماتىيە ئىمتىيازىدىن ۋە كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان چەتئەللىكلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى دىپلوماتىيە يولى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

12.ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، مۇشۇ قانۇن يولغا قويۇلغىچە سادىر بولغان قىلمىشلاردىن شۇ چاغدىكى قانۇن بويىچە جىنايەت ھېساپلانمايدىغانلىرىغا شۇ چاغدىكى قانۇن تەتبىقلىنىدۇ؛ شۇ چاغدىكى قانۇن بويىچە جىنايەت ھېسابلىنىپ، مۇشۇ قانۇننىڭ ئۇمۇمى پىرىنسىپ 4-باب 8-پاراگرافىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغانلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى شۇ چاغدىكى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، ئەمما مۇشۇ قانۇن بويىچە جىنايەت ھېساپلانمايدىغانلىرىغا ياكى يېنىكرەك جازا بېرىلىدىغانلىرىغا مۇشۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ.
مۇشۇ قانۇن يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، شۇ چاغدىكى قانۇن بويىچە چىقىرىلغان كۈچكە ئىگە ھۆكۈملەر داۋاملىق كۈچكە ئىگە.

## ئىككىنچى باب : جىنايەت

### بىرىنچى پاراگراف جىنايەت ۋە جىنايى جاۋابكارلىق

13.ماددا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ،زېمىن پۈتۈنلىكىگە ۋە خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ، دۆلەتنى پارچىلايدىغان ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرىدىغان ،دۆلەت مال - مۈلۈكىگە ياكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈكىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ،پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مال ــ مۈلۈكىگە دەخلى ــتەرۇز قىلىدىغان ،پۇقرالارنىڭ جىسمانى ھوقۇقى ،دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلار ،شۇنىڭدەك جەمىيەتكە خەۋىپ يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلاردىن قانۇن بويىچە جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى جىنايەت ھېسابلىنىدۇ ، لېكىن ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك يېنىك بولۇپ ،خەۋپى چوڭ بولمىغانلىرى جىنايەت ھېسابلانمايدۇ.

14.ماددا ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە خەۋىپ يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەتنىڭ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ھەمدە شۇنداق ئاقىۋەت پەيدا بولۇشنى ئۈمۈت قىلىپ ياكى شۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قەستەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ھېسابلىنىدۇ.
قەستەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

15.ماددا ئۆز قىلمىشىنىڭ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكىزىدىغان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئالدىن بايقاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ، بىپەرۋالىق قىلىپ ئالدىن بايقىمىغان ياكى ئالدىن بايقىغان بولسىمۇ ،ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ ئىشىنىپ كېتىپ ،شۇنداق ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغانلار سەۋەنلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ھېسابلىنىدۇ.
سەۋەنلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىن قانۇندىكى بەلگىلىمىگە چېتىلىدىغانلىرىلا جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

.16ماددا قىلمىش ئوبيېكتىپ جەھەتتە زىيانلىق ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسىمۇ ،بۇنداق ئاقىۋەت قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىكتىن ئەمەس ،بەلكى تۇسۇۋالغىلى ياكى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولسا جىنايەت هىسابلانمايدۇ.

.17ماددا 16ياشقا توشقانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

14ياشقا تۇشۇپ ،16ياشقا توشمىغانلار قەستەن قاتىللىق قىلىش ،قەستەن يارلاندۇرۇپ ئېغىر زەخمىلەندۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ،باسقۇنچىلىق قىلىش ،بۇلاڭچىلىق قىلىش ،زەھەرلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ ـ سېتىش ،ئوت قويۇش ،پارتىلىتىش ،زەھەر سېلىش جىنايەتلىرىنى ئۆتكۈزسە ،جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلدۇ.

14ياشقا تۇشۇپ ،18ياشقا توشمىغانلار جىنايەت ئۆتكىزسە ،يىنىك ياكى يىنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

16ياشقا توشمىغانلىقى ئۈچۈن جىنايى جازا بېرىلمىگەنلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى ۋەسىيلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرىلىدۇ؛زۆرۈر تېپىلغاندا ،ئۇلارنى هۆكۈمەت يىغىۋېلىپ تەربىيىلىسىمۇ بۇلىدۇ.

18ماددا روهى كېسەللەردىن ئۆز هەرىكىتىنى ئاڭقىرالمايدىغان ياكى كونترول قىلالمايدىغان بۇلۇپ قالغاندا زىيانلىق ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىقى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بۇيىچە باھالاپ بېكىتكەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ ،لېكىن ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياكى ۋەسىيلىرىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا ۋە داۋالىتىشىغا بۇيرىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا هۆكۈمەت مەجبۇرى داۋالىتىدۇ.

ئارىلاپ تۇتۇپ قالىدىغان روهى كېسەللەردىن روهى هالىتى نورمال چاغلاردا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئۆز هەرىكىتىنى ئاڭقىرىش ياكى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق يوقاتمىغان روهى كېسەللەردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلدۇ ،لېكىن ئۇلارغا يىنىك ياكى يىنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بۇلىدۇ.

مەسىلەر جىنايەت ئۆتكۈزسە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

19.ماددا ھەم گاس ،ھەم گاچىلار ياكى ئەمالاردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرىگە يېنىك ۋە يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىسە ياكى كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

20.ماددا دۆلەت ،جامائەت مەنپەئىتىنى ،ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانى ھوقۇقى ،مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى، قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ،قانۇنسىز زىيانكەشلىكنى توسۇش يولىدا تەدبىر قوللىنىپ ،قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا زىيان يەتكۈزگەنلەر يوللۇق قوغدانغانلار ھېسابلىنىپ ،جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ،يوللۇق قوغدىنىشنى زۆرۈر چەكتىن كۆرنەرلىك دەرىجىدە ئاشۇرۋېتىپ ،زور زىيان پەيدا قىلغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ ،لېكىن ئۇلارغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ،ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ۋەھشىيلىك ،قاتىللىق ،بۇلاڭچىلىق ،باسقۇنچىلىق ،تۇتۇپ كېتىش ۋە جىسمانى بىخەتەرلىككە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا زورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزۋاتقاندا قوغدىنىش تەدبىرى قوللىنىپ ،قانۇنسىز زىيانكەشلىك قىلغۇچىنى زەخىملەندۈرۈپ ۋە ئۆلتۈرۈپ قويغانلار قوغدىنىشنى چېكىدىن ئاشۇرۋەتكەنلەرگە كىرمەيدۇ ،جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ

21.ماددا دۆلەت ،جامائەت مەنپەئەتىنى ، ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ جىسمانى ،مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى، يۈز بېرىۋاتقان خەۋپتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نائىلاج جىددى خەۋپتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللىنىپ زىيان پەيدا قىلغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ.

جىددى خەۋپتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى زۆرۈر چەكتىن ئاشۇرۋېتىپ ،ئورۇنسىز زىيان پەيدا قىلغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ ،لېكىن ئۇلارغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

-1تارماقتىكى ئۆزىنى خەۋپتىن ساقلاپ قېلىشقا دائىر بەلگىلىمە ۋەزىپە ۋە كەسپى جەھەتتە ئالاھىدە مەسئۇلىيىتى بارلارغا تەتبىقلانمايدۇ.

ئىككىنچى پاراگراف: جىنايەتنىڭ تەييارلىنىشى ،ئەمەلگە ئاشماسلىقى ۋە توختىتىلىشى

.22ماددا جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە قۇرال ــ سايمان تەييارلاش ،شارائىت يارىتىش جىنايەتنىڭ تەييارلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

تەييارلىقتىكى جىنايەتكە ئەمەلگە ئاشقان جىنايەتكە قارىغاندا يېنىك ۋە يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە ياكى كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

.23ماددا جىنايەتچى جىنايەتكە كىرىشكەندىن كېيىن ،ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان سەۋەبلەر بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسا ، جىنايەتنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلگە ئاشمىغان جىنايەتكە ئەمەلگە ئاشقان جىنايەتكە قارىغاندا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بۇلىدۇ.

.24ماددا جىنايەت ئۆتكۈزۈۋېتىپ جىنايەتتىن ئۆزلىكىدىن قول ئۈزۈش ياكى جىنايەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۆزلىكىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىش جىنايەتنىڭ توختىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

جىنايەتنى توختىتىپ قويغۇچىلاردىن زىيان پەيدا قىلمىغانلىرىغا جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ، زىيان پەيدا قىلغانلارغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ئۈچۈنچى پاراگراف: بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت

.25ماددا بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بىرلىشىپ ،قەستەن ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بىرلىشىپ سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنايىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ؛جىنايى جاۋابكارلىقتا تارتىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىغا جىنايىتىگە قاراپ جازا بېرىلىدۇ.

26. ماددا جىنايەتچىلەر گۇروھىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلار بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئاساسى رول ئوينىغانلار ئاساسى جىنايەتچى ھىسابلىنىدۇ.

ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە تەشكىللەنگەن ،بىر قەدەر تۇراقلىق بولغان جىنايەتچىلەر تەشكىلاتى جىنايەتچىلەر گوروھى ھىسابلىنىدۇ.

جىنايەتچىلەر گوروھىنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان باش ئونىسىرلارغا گوروھنىڭ بارلىق جىنايىتى بۇيىچە جازا بېرىلىدۇ.

3ـ تارماقتا بەلگىلەنگەندىن باشقا ئاساسي جىنايەتچىلەرگە ،قاتناشقان ياكى ئۇيۇشتۇرغان جىنايەتچىلەرگە ،قاتناشقان ياكى ئۇيۇشتۇرغان ،قوماندانلىق قىلغان بارلىق جىنايىتى بۇيىچە جازا بېرىلىدۇ.

27. ماددا بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئاساسي رول ئوينىمىغانلار ياكى ياردەمچى رول ئوينىغانلار ئەگەشكۈچى جىنايەتچى ھىسابلىنىدۇ.

ئەگەشكۈچى جىنايەتچىلەرگە يېنىك ،يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

28. ماددا باشقىلارنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقانلارغا جىنايى قىلمىشىغا قاراپ يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

29. ماددا باشقىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەنلەرگە بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئوينىغان رولىغا قاراپ جازا بېرىلىدۇ .18 ياشقا توشمىغانلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتكەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتۈلگۈچى شۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزمىگەن بولسا ، كۈشكۈرتكۈچى جىنايەتچىگە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ.

تۆتىنچى پەئاراگراف  ئۇرۇن ئۆتكۈزگەن جىنايەت

30.ماددا شىركەت، كارخانا، كەسپى ئۇرۇن، ئورگان ۋە تەشكىلاتلاردىن جەمئىيەتكە خەۋىپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشى قانۇندا ئۇرۇن جىنايىتى دەپ بەلگىلەنگەنلىرى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

31.ماددا ئۇرۇنلاردىن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا جىنايى جازا بىرىلىدۇ، مۇشۇ قانۇننىڭ خاس پىرىنسىپىدا ۋە باشقا قانۇنلاردا ئايرىم بەلگىلىمە  بولسا، شۇ بەلگىلىملەر بۇيىچە بۇلىدۇ.

ئۈچۈنچى باب :جىنايى جازا

بىرىنچى پاراگراف جىنايى جازا تۈرى

32.ماددا جىنايى جازا ئاساسى جازا  ۋە قوشۇمچە جازاغا بىلىنىدۇ.

33.ماددا ئاساسى جازانىڭ تۈرى تۆۋەندىكىچە:

(1)رېجىم ؛

(2)تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش ؛

(3)مۇددەتلىك قاماق جازاسى  ؛

(4)مۇددەتسىز قاماق جازاسى ؛

(5)ئۆلۈم جازاسى ؛

34.ماددا قوشۇمچە  جازانىڭ تۈرى تۆۋەندىكىچە ؛

(1)جەرىمانە ؛

(2)سىياسى هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ؛

(3)مال - مۈلكىنى مۇسادىر قىلىش ؛

35.ماددا جىنايەت ئۆتكۈزگەن چەت ئەللىكلەرگە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش جازاسى ئايرىم بىرىلىسمۇ ، قوشۇمچە بىرىلىسمۇ بولىدۇ.

36.ماددا جىنايەتچىلەردىن جىنايى قىلمىشى زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچىنى ئىختىسادى زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا قانۇن بويىچە جىنايى جازا بىرىلگەندىن باشقا ،ئەھۋالغا قاراپ يەنە ئىختىسادى زىياننى تۆلەش هۆكۈم قىلىنىدۇ.

ھەق تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغۇچى جىنايەتچىلەردىن جەرىمانە جازاسىمۇ هۆكۈم قىلىنىپ ،مال - مۈلكى بارلىق چىقىمغا چىقىش قىلماي قالغانلىرى ياكى مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغانلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچۇرىغۇچىغا ھەق تەلەپ تۆلىمى تۆلەش جاۋابكارلىقىنى ئاۋۋال ئۈستىگە ئالىدۇ.

37.ماددا جىنايى قىلمىشى يىنىك بولۇپ ،جازا هۆكىم قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغانلارغا جىنايى جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ ،لېكىن دىلو ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ،تەنبىھ بىرىلسە ياكى تۆۋەنامە يېزىش ،ناماقۇل بولۇش ،زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇلسا ۋە ياكى مەسئۇل تارماق تەرپىدىن مەمۇرى جازا بىرىلسە ياكى مەمۇرى چارە كۆرۈلسە بولىدۇ.

ئىككىنچى پاراگراف رىجىم

38.ماددا رىجىم مۇددىتى ئۈچ ئايدىن يۇقىرى ،ئىككى يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ.

رىجىمغا هۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئىجرا قىلىدۇ.

39.ماددا رىجىمغا هۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە تۆۋەندىكى

بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش لازىم:

(1)قانۇن ۋە مەمۇرى نىزاملارغا رىئايە قىلىش ، نازارەتچىلىككە بويسۇنۇش ؛

(2)ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ،سۆز ،مەتبۇئات ،يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ،تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ،نامايىش قىلىش ،كۆچ كۆرستىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەسلىك ؛

(3)ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەركىتىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ؛

(4)ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ كۆرۈشۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىش ؛

(5)ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر ،ناھىيەدىن كەتمەكچى ياكى كۆچمەكچى بولسا ، ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىنى ئېلىش؛

رېجىم ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىلىدۇ.

40.ماددا رېجىم ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ رېجىم مۇددىتى توشقاندا ،ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ئۇنىڭ رېجىمدىن بوشىتىلغانلىقىنى ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ئورۇنىغا ياكى ئۇ تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاممىغا دەرھال جاكارلايدۇ.

41.ماددا رېجىم جازاسىنىڭ مۇددىتى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ ؛ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن قاماپ تۇرۇلغان بولسا ،قاماپ تۇرۇلغان ۋاقتىنىڭ بىر كۈنى جازا مۇددىتىنىڭ ئىككى كۈنگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچۈنچى پاراگراف تۇتۇپ تۇرۇپ ئامگەككە سېلىش

42.ماددا تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش مۇددىتى بىر ئايدىن يۇقىرى ،ئالتە ئايدىن تۆۋەن بولىدۇ

43.ماددا تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى يېقىن جايدا ئىجرا قىلىدۇ.

جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچى ھەر ئايدا بىر كۈندىن ئىككى كۈنگىچە ئۆيگە قايتسا بولىدۇ ؛ئەمگەككە قاتناشقانلىرىغا ئىشقا قاراپ ھەق

بىرىلسە بولىدۇ.

.44ماددا تۆتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسىنىڭ مۇددىتى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؛ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن قاماپ تۇرۇلغان بولسا ،قاماپ تۇرۇلغان ۋاقىتنىڭ بىر كۈنى جازا مۇددىتىنىڭ بىر كۈنىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆتۈنچى پاراگراف مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،مۇددەتسىز قاماق جازاسى

.45ماددا مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ مۇددىتى ئالتە ئايدىن يۇقىرى ،15يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ ،مۇشۇ قانۇننىڭ 50ـ ۋە60ـ ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا .

.56ماددا مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسى تۈرمىدە ياكى باشقا ئىجرا ئورۇنلىرىدا ئىجرا قىلىنىدۇ؛ئەمگەك ئىقتىدارى بارلىرى ئەمگەككە قاتنىشىپ ،تەربىيە ۋە ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىدۇ.

.47ماددا مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ مۇددىتى ئىجرا قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ؛ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن قاماپ تۇرۇلغان بولسا ،قاماپ تۇرۇلغان ۋاقىتنىڭ بىر كۈنى جازا مۇددىتىنىڭ بىر كۈنىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى پاراگراف ئۆلۈم جازاسى

.48ماددا ئۆلۈم جازاسى جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىر جىنايەتچىلەرەلا بېرىلىدۇ ،ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك جىنايەتچىلەردىن جازاسنى دەرھال ئىجرا قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ،جازاسى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنسا بولىدىغانلىقى جاكارلانسا بولىدۇ.

ئۆلۈم جازاسىنىڭ قانۇن بويىچە ئالى خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلىدىغانلىرىدىن باشقىلىرى ئالى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقىنىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ .كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلسا ياكى تەستىقلىسا بولىدۇ.

.49ماددا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا 18ياشقا توشمىغانلارغا ۋە سوت قىلىنغاندا ھامىلدار ئاياللارغا

ئۆلۈم جازاسى بىرىلمەيدۇ.

.50ماددا كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىندىغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلاردىن ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش مەزگىلىدە ،قەستەن جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلەرنىڭ جازاسى ئىككى يىللىق مۇددەت توشقاندىن كىيىن مۇدەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ ؛ھەقىقەتەن چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىنىڭ جازاسى ئىككى يىللىق مۇددەت توشقاندىن كىيىن15 يىلدىن يۇقىرى ،20يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ ؛قەستەن جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە راست بولۇپ چىققانلىرىغا ئالى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

.51ماددا كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىندىغان ئۆلۈم جازاسىنىڭ مۇددىتى ھۆكۈم بىكىتىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ ،كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىندىغان ئۆلۈم جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلگەنلەرنىڭ جازا مۇددىتى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىندىغان ئۆلۈم جازاسى مۇددىتى توشقان كۈندىن باشلاپ ھىسابلىنىدۇ.

ئالتىنچى پاراگراف جەرىمانە

.52ماددا جەرىمانە ھۆكۈم قىلىنغاندا ،جەرىمانە سوممىسى جىنايى قىلمىشقا قاراپ بىكىتىلىدۇ.

.53ماددا جەرىمانە ھۆكۈمدە بىكىتىلگەن سۈرۈك ئىچىدە بىر قېتىمدا ياكى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرغۇزۇلىدۇ.سۈرۈك توشقۇچە تاپشۇرمىغانلارغا مەجبۇرى تاپشۇرغۇزىلىدۇ. جەرىمانىنى تولۇق تاپشۇرالمايدىغانلار بولسا ، خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇلارنىڭ تاپشۇرغۇدەك مال ـمۈلۈكبارلىقىن?قاچان سەزسە شۇ چاغدا تاپشۇرغۇزىدۇ .تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئاپەتكە ئۇچۇراش سەۋەبىدىن تاپشۇرۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنلىپ قالغانلارغا ئەھۋالغا قاراپ جەرىمانە ئازايتىلسا ياكى كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

يەتتىنچى پاراگراف سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش

.54ماددا سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىشتا تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىنىدۇ:

(1)سايلاش هوقۇقى ۋە سايلىنىش هوقۇقى

(2)سۆز ، مەتبۇئات ، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ، نامايىش قىلىش ، كۈچ كۆرسىتىش ئەركىنلىكى هوقۇقى.

(3)دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەش هوقۇقى.

(4)دىلەت شىركەتلىرى ، كارخانىلىرى ، كەسپىي ئورۇنلىرىدا ۋە خەلىق تەشكىلاتلىرىدا رەهبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش هوقۇقى.

.55ماددا سىيۋاسىي هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىش مۇددىتى بىر يىلدىن يوقۇرى ، بەش يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ. مۇشۇ قانۇننىڭ 57ـ ماددىسىدىكى بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

رېجىم هۆكۈم قىلىنىپ قوشۇمچە سىياسىي هوقۇقى مەهرۇم قىلىندىغانلارنىڭ سىياسىي هوقۇقى مەهرۇم قىلىنىش مۇددىتى رېجىم مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ ،بىر ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىدۇ.

. 56ماددا دۆلەت خەۋىپسىزلىكىگە خەۋىپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر قوشۇمچە سىياسىي هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىنىدۇ . قەستەن قاتىللىق قىلىش ، باسقۇنچىلىق قىلىش ،، ئوت قويۇش ، پارتلىتىش ، زەهەر سېلىش ، بۇلاڭچىللىق قىلىشقا ئوخشاش قىلمىشلىرى بىلەن جەمىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان جىنايەتچىلەر قوشۇمچە سىياسىي هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىنسا بولىدۇ.

سىياسىي هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىش جازاسىنى ئايرىم بېرىشتە ، مۇشۇ قانۇننىڭ خاس پىرىنسىپىدىكى بەلگىلىملەر ئاساس قىلىنىدۇ.

. 57ماددا ئۆلۈم جازاسى ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى هۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر سىياسىي هوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەهرۇم قىلىنىدۇ.

كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلسە ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلسە ، قوشۇمچە سىياسى هوقۇقىدىن مەهرۇم قىلىش مۇددىتى ئۈچ يىلدىن يوقۇرى ، ئون يىلدىن تۆۋەن قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

.58ماددا قوشۇمچە سىياسىي هوقۇقتىن مەهرۇم قىلىش جازاسىنىڭ مۇددىتى قاماق جازاسى ، تۇتۇپ

تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ئىجرا قىلىنىپ بولغان كۈندىن ياكى شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېساپلىنىدۇ ؛ سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش ئاساسىي جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە كۈچكە ئىگە بولىۋېرىدۇ.

سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەر ، جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە ، قانۇن ، مەمۇرى نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە گوۋۇيۈەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھەققىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىشى ، نازارەتچىلىككە بوي سۇنىشى كېرەك . ئۇلار مۇششۇ قانۇننىڭ 54 ـ ماددىسىدىبەلگىلەنگەن?يۈرگۈزسە بولمايدۇ.

سەككىزىنچى پاراگراف مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىر? قىلىش

59.ماددا مال – مۈلۈكنى مۇسادىرقىلى? جىنايەتچىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق مال ـ مۈلۈكنىڭ بى?قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .مال ـمۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىشقا توغرا كەلگەندە جىنايەتچىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ۋە ئۇ باقىدىغان ئائىلە تەۋەلىرى ئۈچۈن زۆرۈر تۇرمۇش خىراجىتى قالدۇرۇلىدۇ.

مال ـمۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ھۆكۈم قىلىنغاندا ،جىنايەتچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە تەئەللۇق ياكى تېگىشلىك بولغان مال–مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىشقا بولمايدۇ.

60.ماددا جىنايەتچىنىڭ مال ـمۈلىكىنى مۇسادىرە قىلىنىدىغان مال ـمۈلۈك بىلەن قايتۇرۇشقا توغرا كەلسە ،ھەقدارنىڭ ئىلتىماس قىلىش بىلەن قايتۇرۇلىدۇ.

تۆتۈنچى باب جىنايى جازانىڭ كونكرېت بېرىلىشى

بىرىنچى پاراگراف جازا ئۆلچەش

61.ماددا جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان جازا ئۇنىڭ جىنايىتىنىڭ خاراكتېرىگە ،ئەھۋالىغا ۋە جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن خەۋپىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ،مۇشۇ قانۇندىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

62.ماددا جىنايەتچىلەردىن مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئېغىر جازا بېرىلىدىغان ،يېنىك جازا

بىرىلدىغان ئەھۋال بولغانلىرىغا قانۇنداق بەلگىلەنگەن جازا چېكى دائىرىسىدە جازا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

63.ماددا جىنايەتچىلەردىن مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدىغان ئەھۋال بولغانلىرىغا قانۇندا بەلگىلەنگەن جازادىن تۆۋەن جازا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

جىنايەتچىلەردىن مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن يېنىكلىتىپ جازا بېرىردىغان ئەھۋال بولمىغانلىرىغا دېلودىكى ئالاھىدە ئەھۋالغا قاراپ ،ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قانۇندا بەلگىلەنگەن جازادىن تۆۋەن جازا ھۆكۈم قىلىنىسىمۇ بۇلىدۇ.

64.ماددا جىنايەتچىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ تاپقان پۇل ـمېلىنىڭ ھەممىسى تاپشۇرغۇزۇلىدۇ ياكى قايتۇرغۇزۇلىدۇ ،تۆلىتىلىدۇ؛زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچىنىڭ قانۇنى مال ـمۈلكى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ ؛مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ئىشلىتىلگەن شەخسى پۇل–مال ۋە ئېلىنغان جەرىمانە بىردەك دۆلەت خەزىنىسگە تاپشۇرۇلىدۇ ،ئۇنى ئىشلىتىۋېلىشقا ۋە ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى پاراگراف تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزۈش

65.ماددا مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازاسى ئىجرا قىلىنىپ بولغان ياكى كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كىيىن ،بەش يىل ئىچىدە يەنە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدى يۇقىرى جازا بېرىلدىغان جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەر تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر ھىسابلىنىدۇ ،ئۇلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ ،لېكىن سەۋەنلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن مۇددەت شەرتلىك قۇيۇپ بېرىلگەن جىنايەتچىگە تەتبىقلانغاندا ،شەرتلىك قۇيۇپ بېرىش مۇددىتى توشقان كۈندىن باشلاپ ھىسابلىنىدۇ.

66.ماددا دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەردىن جازاسى ئىجرا قىلىنىپ بولغان ياكى كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كىيىن ،ھەر قانداق چاغدا يەنە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرى تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئۈچۈنچى پاراگراف ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ۋە خىزمەت كۆرسىتىش

67.ماددا جىنايەت ئۆتكۈگەندىن كېيىن دىلونى ئۆزلىكىدىن مەلۇم قىلىپ ،جىنايىتىنى ئەينەن ئىقرار قىلىش ئۆزىنى مەلۇم قىلىش بولىدۇ ،ئۆزىنى مەلۇم قىلغان جىنايەتچىلەرگە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ .ئۆلاردىن جىنايىتى يېنىكرەك بولغانلارغا جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىپ جىنايەت گۇماندارلىرى ،جاۋابكارلار ۋە جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەردىن ئەدلىيە ئورگىنى تېخى ئىگىلىمىگەن باشقا جىنايەتلىرىنى ئەينەن ئىقرار قىلغانلىرى ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

68.ماددا جىنايەتچىلەردىن باشقىلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىپ ،تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە راست بولۇپ چىققانلىرى ياكى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن ،باشقا دىلونىڭ پاش قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش قاتارلىق خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىغا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە بولىدۇ ؛چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىغا يىنكلىتىپ جازا بېرىلسە يەكى جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

تۆتۈنچى پاراگراف بىر نەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش

69،ماددا بىر كىشى ھۆكۈم ئىلان قىلىنغانغا قەدەر بىر نەچچە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا ، ئۆلۈم جازاسى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندىغانلىرىنى ھسابقا ئالمىغاندا ،ئۇنىڭ ئىجرا قىلىندىغان جازا مۇددىتى ئەھۋالىغا قاراپ ،يىغىندى جازا مۇددىتىدىن قىسقا ،بىر نەچچە جازا مۇددىتىدىن ئۇزۇن قىلىپ بەلگىلىنىدۇ ،لېكىن رېجىم مۇددىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش مۇددىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ ،مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 20يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

بىر نەچچە جىنايەت ئىچىدە قوشۇمچە جازا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا ،قوشۇمچە جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

70.ماددا جازا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن ھۆكۈم ئىلان قىلىنغاندىن تارتىپ جازاسى ئىجرا بولۇقلىنىپ بولغىچە ئارلىقتا ھۆكۈم ئىلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمگە كىرگۈزۈلمەي قالغان باشقا جىنايەتلىرىمۇ بارلىقى سىزىلگەنلىرىنىڭ يېڭى سىزلگەن جىنايىتى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىپ

،ئىلگىركى ۋە كيىنكى ھۆكۈمدىكى جازا مۇشۇ قانۇننىڭ 69-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن ،ئىجرا قىلىنىدىغان جازا قىلىپ بىكىتىلىدۇ .ئىجرا قىلىنىپ بولغان جازا مۇددىتى يېڭى ھۆكۈمدە بىكىتىلگەن جازا مۇددىتى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ ھېسابلىنىدۇ.

71.ماددا جازا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن ھۆكۈم ئىلان قىلىنغاندىن تارتىپ جازاسى ئىجرا قىلىنىپ بولغىچە بولغان ئارلىقتا يەنە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرىنىڭ يېڭى جىنايىتى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىپ ،ئىلگىرىكى جىنايىتىگە جىنايىتىگە بىرلىپ ئىجرا قىلىنىپ بولمىغان جازا بىلەن كېيىنكى جىنايىتىگە ھۆكۈم قىلىنغان جازا مۇشۇ قانۇننىڭ 69-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن ئىجرا قىلىنىدىغان جازا قىلىپ بىكىتىلىدۇ.

بەشنچى پاراگراف جازا كېچىكتۈرۈش

-72ماددا تۆتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جىنايەت ئەھۋالىغا ۋە تۆھپە قىلىش ئىپادىسىگە قاراپ ، جازاسى كېچىكتۈرۈلسە جەمىيەتكە ھەققەتەن قايتا خەۋىپ يەتكۈزمەيدىغانلىرىغا جازانى كېچىكتۈرۈش جاكارلانسا بولىدۇ.

جازا كېچىكتۈرۈش جاكارلانغان جىنايەتچىلەرگە قوشۇمچە جازا ھۆكۈم قىلىنغان بولسا ،قوشۇمچە جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

73.ماددا تۆتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىنىدىغانلارنى جازاسىنى كىچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا مۇددىتىدىن يۇقىرى ،بىر يىلدىن تۆۋەن بۇلىدۇ ،لېكىن ئىككى ئايدىن قىسقا بولمايدۇ.

مۇددەتلىك قاماق جازاسى بىرلگەنلەرنى جازاسىنى كىچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا مۇددىتىدىن يۇقىرى ،بەش يىلدىن تۆۋەن بۇلىدۇ ،لىكىن بىر يىلدىن قىسا بولمايدۇ.

جازانى كىچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى ھۆكۈم بىكىتىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

74.ماددا تەكرار جىنايەت جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ جازاسى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.

75.ماددا جازا كېچىكتۈرۈ جاكارلانغان جىنايەتچىلەر تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك:

(1)قانۇن ۋە مەمۇرى نىزاملارغا رىئايە قىلىش ،نازارەتچىلىككە بوسۇنۇش ؛

(2)تەكشۈرگۈچى ئورگاننىڭ بەلگىلىمىسى بۇيىچە ئۆزىنىڭ ئىش ھەركىتىنى مەلۇم قىلىش ؛

(3)تەكشۈرگۈچى ئورگاننىڭ كۆرۈشۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسگە رىئايە قىلىش ؛

(4)ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر ،ناھىيىدىن كەتمەكچى ياكى كۆچمەكچى بولسا ،تەكشۈرگۈچى ئورگاننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش.

76.ماددا جازا كېچىكتۈرۈش جاكارلانغان جىنايەتچىلەرنى جازا كېچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى ئىچىدە ،جامائەت خەۋپسىزلىكى ئېرگىنى تەكشۈردۇ ،ئۇلار ئىشلەيدىغان ئورۇن ياكى ئاساسى قاتلام تەشكىلات تەكشۈرۈشكە ماسلىشىدۇ ،مۇشۇ قانۇننىڭ 77ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋال كۆرۈلمىسە ،جازانى كېچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى توشقاندا ،ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ ھەمدە بۇ ئاشكارا جاكارلىنىدۇ.

77.ماددا جازا كېچىكتۈرۈش جاكارلانغان جىنايەتچىلەردىن جازانى كېچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى ئىچىدە يېڭى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياكى ھۆكۈم جاكارلىنىشتىن بۇرۇن ھۆكۈمگە كىرگۈزۈلمەي قالغان باشقا جىنايەتلىرىمۇ بارلىقى سىزلىگەنلىرىگە جازانى كېچىكتۈرۈش بىكار قىلىنىپ ، يېڭى جىنايىتى ياكى يېڭىدىن سىزلگەن جىنايىتى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىپ ،ئىلگىرىكى جىنايىتى بىلەن كېيىنكى جىنايىتى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىنغان جازا مۇشۇ قانۇننىڭ-69 ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بۇيىچە ئىجرا قىلىندىغان جازا قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

جازا كېچىكتۈرۈش جاكارلانغان جىنايەتچىلەردىن جازانى كېچىكتۈرۈپ سىناش مۇددىتى ئىچىدە قانۇنغا ،مەمۇريي نىزامغا ياكى گوۋۇيۈەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىنىڭ جازا كېچىكتۈرگەنلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ ،قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا جازا كېچىكتۈرۈش بىكار قىلىنىپ ،ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئەدلىتىنچى پاراگراف جازا كېمەيتىش

78.ماددا رېجىم جازاسى ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە تۈرمە قائىدىسىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ ، تەربىيە ۋە ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ ،ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى كۆرۈلگەنلىرىنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشكە بولىدۇ ؛تۆۋەندىكىدەك چوڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلىرىنىڭ جازاسى كېمەيتىلىدۇ:

(1)باشقىلارنىڭ زور جىنايى ھەرىكىتىنى توسقان بولسا ؛

(2)تۈرمە ئىچى ۋە سىرتىدىكى زور جىنايى ھەرىكەتنى پاش قىلىپ ،تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە راست بولۇپ چىققان بولسا ؛

(3)كەشپىيات ،ئىجادىيەت ياراتقان بولسا ياكى تېخنىكىنى زور دەرىجىدە يېڭىلىغان بولسا ؛

(4)كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرغان بولسا ؛

(5)تەبىئى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ياكى زور ھادىسىنى تۈگۈتۈشتە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان بولسا ؛

(6)دۆلەت ۋە جەمئيەتكە باشقا تۆھپە قوشقان بولسا ؛

جازا كېمەيتىلگەندىن كېيىن ئەمەلىي ئىجرا قىلىندىغان جازا مۇددىتى رېجىم جازاسى ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ،مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا مۇددىتىنىڭ يېرىمىدىن قىسقا بولمايدۇ ؛ مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئون يىلدىن قىسقا بولمايدۇ.

79.ماددا جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشتە جازا ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە جازا كېمەيتىش توغرىسىدا تەكلىپنامە سۇنىدۇ .خەلق سوت مەھكىمىسى كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ قاراپ چىقىپ ،ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش پاكىتى بارلانىڭ جازاسىنى كىسىم بىلەن كېمەيتىدۇ .جازانى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ كېمەيتىشكە بولمايدۇ.

.80ماددا مۇدەتسىز قاماق جازاسى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا كېمەيتىلگەنلەرنىڭ جازا مۇددىتى جازاسىنى كېمەيتىش ھەققىدە كېسىم چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

يەتتىنچى پاراگراف زەرتلىك قويۇپ بېرىش

.81ماددا مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا مۇددىتىنىڭ تەڭدىن تۆلىسى ئىجرا قىلىنىپ بولغانلار ،مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەردىن جازاسى ئەمەلىيەتتە ئون يىلدىن ئارتۇقراق ئىجرا قىلىنغانلار تۈرمە قائىدىسىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ ،تەربىيە ۋە ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ ، ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ئىپادىسى بولۇپ ،شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە قايتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان بولسا ،شەرتلىك قويۇپ بېرىلسە بولىدۇ ،ئالاھىدە ئەھۋال بولسا ،ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق جازا مۇددىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ يۇقىرقى چەكلىمىسىگە ئۇچۇرىمىسىمۇ بولىدۇ.

تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن شۇنىڭدەك قاتىللىق قىلىش ، پارتلىتىش ، بۇلاڭچىلىق قىلىش ، باسقۇنچىلىق قىلىش ،تۇتۇپ كېتىش قاتارلىق زورلۇق خاراكتېردىكى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەردىن ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەنلەرنى شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ.

.82ماددا جىنايەتچىلەرنىڭ شەرتلىك قويۇپ بېرىش مۇشۇ قانۇننىڭ 79ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بولىدۇ ،قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ شەرتلىك قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ.

ـ83ماددا مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەنلىردىن شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەنلەرنى سىناش مۇددىتى ئىجرا قىلىنىپ بولمىغان جازا مۇددىتى بىلە چەكلىنىدۇ ؛مۇدددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەنلەردىن شەرتلىك قويۇپ بېرلگەنلەرنى سىناش مۇددىتى ئون يىل بولىدۇ.

شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ سىناش مۇددىتى شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

.84ماددا شەرتلىك قويۇپ بىرىلگەنلىكى جاكارلانغان جىنايەتچىلەر تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك:

(1)قانۇن ۋە مەجبۇرىي نىزاملارغا رىئايە قىلىش ،نازارەتچىلىككە بويسۇنۇش ؛

(2)نازارەتچىلىك ئورگىنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ،ئۆزىنىڭ ئىش ھەركىتىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇش

(3)نازارەتچىلىك ئورگىنىنىڭ كۆرۈشۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىش ؛

(4)ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر ،ناھىيىدىن كەتمەكچى ياكى كۆچمەكچى بولسا ،نازارەتچىلىك ئورەنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش.

.85ماددا شەرتلىك قويۇپ بىرىلگەن جىنايەتچىلەرنى شەرتلىك قويۇپ بىرىپ سىناش مۇددىتى ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى نازارەت قىلىدۇ ،مۇشۇ قانۇننىڭ 86ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي نىزاملارغا ياكى گوۋۇيۈەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىنىڭ شەرتلىك قويۇپ بىرىلگەنلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ قىلمىشى بولۇپ ،يېڭى جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن بولسىمۇ ،قانۇنداق بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە شەرتلىك قويۇپ بىرىش بىكار قىلىنىپ تۈرمىگە ئېلىنىپ ،ئىجرا قىلىنىپ بولمىغان جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

سەككىزىنچى پاراگراف ۋاقىت چېكى

.87ماددا تۆۋەندىكى مۇددەتتىن ئېشىپ كەتكەن جىنايەت سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ:

(1)قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا توشمايدىغان بولۇپ ،ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ؛

(2)قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بولۇپ ،ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ؛

(3)قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بولۇپ ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ؛

(4)قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى جازا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ،ئۆلۈم جازاسى بولۇپ ،ئارىدىن

20يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ .20يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك دەپ قارالسا ،ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسگە تەستىقلىتىشى شەرت.

.88ماددا خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ،جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ،دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى دېلو ئېچىپ تەھقىقلەشكە كىرىشكەن ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ،تەھقىقلىنىشتىن ياكى سوت قىلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلارنى سۈرۈشتۈرۈشتە مۇددەت چەكى بولمايدۇ.

زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى سۈرۈشتۈرۈش مۇددىتى ئىچىدە شىكايەت قىلغان ،خەلق سوت مەھكىمىسى ،خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ،جامەئەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى دېلو ئورگىنى دېلو ئېچىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، دېلو ئاچمىغان بولسا ،سۈرۈشتۈرۈشتە مۇددەت چەكى بولمايدۇ.

.89ماددا سۈرۈشتۈرۈش مۇددىتى جىنايەت سادىر بولغان كۈندىن باشلاپ ھىسابلىنىدۇ ؛جىنايى قىلمىش ئۇزۇلمەي كىلىۋاتقان ياكى داۋاملىشىۋاتقان بولسا ،جىنايى قىلمىش ئاخىرلاشقان كۈندىن باشلاپ ھىسابلىنىدۇ.

سۈرۈشتۈرۈش مۇددىتى ئىچىدە يەنە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا ،ئىلگىرىكى جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈش مۇددىتى كېيىنكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن كۈندىن باشلاپ ھىسابلىنىدۇ

بەشىنچى باب باشقا بەلگىلىمىلەر

. 90ماددا بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ئانچە مۇۋاپىق كەلمەي قالغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق ياكى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسى،ئىقتىسادىي،مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پىرىنسىپلارغا بىنائەن ،جانلىق ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ ،مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىي دائىمى كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يولغا قويسا بۇلىدۇ.

.91ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان جامائەت مال ـمۈلۈكى تۆۋەندىكى مال ـمۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ:

(1)دۆلەت مال ـمۈلكى؛

(2)ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوللىكتىپ ئىگدارلىقىدىكى مال ـ مۈلكى ؛

(3)نامىراتلارنى يۆلەش ۋە باشقا جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىئانە ياكى مەخسۇس فوندى مال ـمۈلۈكى؛

دۆلەت ئورگانلىرى ،دۆلەت شىركەتلىرى ،كارخانىلىرى ،كوللىكتىپ كارخانىلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى باشقۇرۋاتقان ،ئىشلىتىۋاتقان ياكى توشۇۋاتقان خۇسۇسى مال ـمۈلۈك جامائەت مال ـمۈلۈك ھېسابلىنىدۇ،

92،ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ:

(1)پۇقرالارنىڭ قانۇنىي كىرىمى ،ئامانەت پۇلى ،ئۆي ئىمارىتى ۋە باشقا تۇرمۇش ۋاستىلىرى ؛

(2)قانۇن بويىچە شەخسكە ۋە ئائىلىگە تەئەللۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ؛

(3)يەككە تىجارەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنى مال ـمۈلكى ؛

(4)قانۇن بويىچە شەخسكە تەئەللۇق پاي ،پاي چېكى ،زايوم ۋە باشقا مال ـمۈلۈكلەر.

.93ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان دۆلەت خادىملىرى دۆلەت ئورگانلىردا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلەت شىركەتلىرى ،كارخانىلىرى ،كەسپى ئورۇنلىرى ، خەلق تەشكىلاتلىرىدا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ،دۆلەت شىركەتلىرى ،كارخانىلىرى ۋە كەسپى ئورۇنلىرى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان شىركەتلەر ،كارخانىلار ،كەسپىي ئورۇنلار ،ئىجتىمائى تەشكىلاتلارغا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتكەن خادىملار شۇنىڭدەك قانۇن بويىچە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا خادىملار دۆلەت خادىمى دەپ قارىلىدۇ.

.94ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان ئەدلىيە خادىملىرى تەھقىقلەش ،تەپتىش قىلىش ، سوت قىلىش .نازارەت قىلىش ـباشقۇرۇش مەسئۇلىيتى بولغان خادىملارنى كۆرسىتىدۇ.

.95ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان ئېغىر زەخمىلەندۈرۈش تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىر كۆرۈلگەن

زەخىملەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ:

(1)ئادەمنىڭ پۈت –قوللىرىنى مېيىپ قىلىش ياكى چىراي –شەكلىنى بۇزىۋېتىش ؛

(2)ئادەمنىڭ ئاڭلاش ،كۆرۈش ئەزالىرى ياكى باشقا ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى يوقىتىۋېتىش ؛

(3)ئادەمنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا زەخىملەر.

.96ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىي ۋە ئۇنىڭ دائىمى كومىتېتىنىڭ قانۇن ۋە بېكىتمىلىرىگە ،گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرى نىزام ،بەلگىلىمىلىرىدىكى مەمۇريي تەدبىرلىرىگە ،گوۋۇيۈەننىڭ بېكىتمە ۋە بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

.87ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان باش ئونسۇرلار جىنايەتچىلەر گۇرۇھى ئىچىدە ياكى توپلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۇيۇشتۇرۇش ،پىلانلاش، قوماندانلىق قىلىش رولىنى ئوينىغان جىنايەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

.98ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان دەۋا قىلىنغاندىلا سوراش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دەۋا قىلغاندىلا سوراشنى كۆرسىتىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى زورلۇق ۋە تەھدىتكە ئۇچراپ دەۋا قىلالمىغان بولسا خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ يېقىن تۇققانلىرى دەۋا قىلسىمۇ بولىدۇ.

.99ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان «...دىن يۇقىرى »«...دىن تۆۋەن« ،«...»ئىچىدە »دېيىلگەنلەر شۇ ساننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

.100ماددا قانۇن بويىچە قىنايى جازا بېرىلگەنلەر ئەسكەر بولىدىغان ،ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان چاغدا ،ئۆزىگە بۇرۇن جىنايى جازا بېرىلگەنلىكىنى ئالداقدار ئورۇنلارغا يوشۇرماي ئەينەن مەلۇم قىلىش كېرەك.

.101ماددا بۇ قانۇننىڭ ئومۇمى پىرىنسىپى جىنايى جازا بەلگىلەنگەن باشقا قانۇنلارغىمۇ تەتبىقلىنىدۇ ،لېكىن باشقا قانۇنلاردىن ئالاھىدە بەلگىلىمە بارلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئىككىنچى قىسىم خاس پىرىنسىپ

بىرىنچى باب  دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

102.ماددا چەت ئەل بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، زېمىن پۈتۈنلىكىگە ۋە خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەنلەرگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئون يىلدىن  يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

چېگرا سىرتىدىكى ئاپپاراتلار، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى  ئۆتكۈزگەنلەرگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

103.ماددا دۆلەتنى پارچىلاش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ھەركەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان، پىلانلىغان ۋە ئېلىپ بارغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا ياكى جىنايىتى ئېغىرلىرىغا مۇددەتسىز قاماق  جازاسى ياكى ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بىرىلىدۇ؛ئاكتىپ  قاتناشقۇچىلارغا ئۈز يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بىرىلىدۇ؛باشقا قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش  جازاسى بىرىلىدۇ.

دۆلەتنى پارچىلاشقا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا قۇترىتقۇلۇق قىلغانلارغا بەش  يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بىرىلىدۇ؛باش  ئۇنسۇرلارغا ياكى جىنايىتى ئېغىرلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى  بىرىلىدۇ.

104.ماددا قۇراللىق ئىسيان ياكى قۇراللىق توپىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغان، پىلانلىغان ۋە كۆتۈرگەنلەردىن باش ئۇنسۇرلارغا ياكى جىنايىتى ئېغىرلىرىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بىرىلىدۇ؛ئاكتىپ  قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بىرىلىدۇ؛باشقا قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش  جازاسى بىرىلىدۇ.

دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنى ،قۇراللىق قىسىم خادىملىرىنى ،خەلق ساقچىللىرىنى ،خەلق ئەسكەرلىرىنى قۇتۇرتىش ،مەجبۇرلاش ،ئازدۇرۇش ۋە ۋېتىۋېلىش يولى بىلەن قوراللىق ئىسيان ياكى قۇراللىق تۇپىلاڭ كۆتۈرگەنلەرگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

105.ماددا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش ھەركىتىنى ئۇيۇشتۇرغان ،پىلانلىغان ۋە ئېلىپ بارغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا ياكى جىنايىتى ئېغىرلىرىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ؛ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ؛باشقا قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ،رېجىم جازاسى ياكى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئىغۋا تۇقۇش ،تۆھمەت چاپلاش يولى ياكى باشقا يوللار بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ،سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ،رېجىم جازاسى ياكى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ .؛باش ئۇنسۇرلارغا ياكى جىنايىتى ئېغىرلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

106.مادداچېگرا سىرتىدىكى ئاپپارات ،تەشكىلات ۋە شەخسلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مۇشۇ بابنىڭ 103 ـ،104 ـ،105 ـ ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرگە شۇ ماددىلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

107.ماددا چېگرا ئىچى سىرتىدىكى ئاپپارات ،تەشكىلات،ياكى شەخسلەرنىڭ مۇشۇ بابنىڭ 102ـ،103ـ،104ـ،105ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ماددى ياردەم بەرسە ،بىۋاستە جاۋابكارلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ،رېجىم جازاسى ياكى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ ؛قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

108.ماددا دۈشمەنگە تەسلىم بۇلۇپ ئاسىيلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى ،ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ؛قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ياكى قۇراللىق قىدىسم خادىملىرى ،خەلق ساقچىللىرى ،خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ دۈشمەنگە تەسلىم بۇلۇپ ئاسىيلىق قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

109.ماددا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئىش ئورنىدىن ئۆز بىشىمچىلىق قىلىپ چېگرا سىرتىغا قېچىپ ياكى چېگرا سىرتىدا ئاسىيلىق قىلىپ ؛جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيتىنىڭ خەۋىپسىزلىكىگە خەۋىپ يەتكۈزگەنلىرىگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ،رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازىسى بېرىلىدۇ ؛قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى ،ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دۆلەت مەخپىيتىنى ئىگىلەپ تۇرغان دۆلەت خادىملىرىدىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بۇيىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

110.ماددا تۆۋەندىكى جاسۇسلۇق ھەركەتلىرىدىن بىرىنى قىلىپ ،دۆلەتنىڭ خەۋپسىلىكىگە خەۋىپ يەتكۈزگەنلەرگە ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ؛قىلمىسشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى ،ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

(1)جاسۇسلۇق تەشكىلاتىغا قاتنىشقانلار ياكى جاسۇسلۇق تەشكىلاتىدىن ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانلار ؛

(2)دۈشمەنگە توپقا تۇتۇش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلەر.

111.ماددا دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ياكى ئاخباراتىنى چېگرا سىرتىدىكى ئاپپارات ،تەشكىلات ۋە خادىملارغا ئوغورلاپ بەرگەن ،تىڭ ـ تىڭلاپ بەرگەن ،سېتىۋېلىپ بەرگەنلەرگە ۋە قانۇنسىز يەتكۈزۈپ بەرگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى،ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ؛قىلمىشى

پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق قازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ،تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ،رېجىم جازاسى ياكى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

112.ماددا ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەننى قۇرال ـجابدۇق ۋە ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەپ ياردەم بەرگەنلەرگە ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ؛قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى ،ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

113.ماددا بۇ باپتا ئېيتىلغان دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايەتلىرىدىن 103ـ ماددىنىڭ2 ـ تارمىقىدا ،105ـ،107ـ ۋە109ـ ماددىلاردا كۆرسىتىلگەن جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاندا ،دۆلەتكە ۋە خەلققە يەتكۈزگەن خەۋپى پەۋقۇلئاددە ئېغىر ،قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسە بولىدۇ.

مۇشۇ باپتا ئېيتىلغان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرگە مال ـمۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى قوشۇمچە بېرىلسە بولىدۇ

## ئىككىنچى باب جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى

114ـ ماددا ئوت قويۇش، يار قويۇۋېتىش، پارتلىتىش، زەھەر سېلىش ئۇسۇلى ياكى باشقا خەتەرلىك ئۇسۇللار بىلەن زاۋۇت، كان، نېفىتلىك، پورت، دەريا، سۇ مەنبەسى، ئامبار، تۇرار جاي، ئورمان، دېھقانچىلىق مەيدانى، خامان، فېرما، مۇھىم تۇرۇبا يولى، جامائەت ئىمارىتىگە ياكى ئومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلمىغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ115ماددا ئوت قويۇش، يار قويۇۋېتىش، پارتلىتىش، زەھەر سېلىش ئۇسۇلى ياكى باشقا خەتەرلىك ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېغىر زەخملىنىشى، ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا ياكى جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتلەرنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ116ماددا پويىز، ئاپتوموبىل، ترامۋاي ـ تراللىبۇس، كېمە ـ پاراخوتقا ۋە ئاۋىئا ۋاستىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پويىز، ئاپتوموبىل، ترامۋاي ـ تراللىبۇس، كېمە ـ پاراخوت ۋە ئاۋىئا ۋاستىلىرىنى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش، ۋەيران بولۇش خەۋپىگە ئۇچراتقان بولسىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلمىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ117ماددا رېلىس، كۆۋرۈك، تونىل، تاشيول، ئايرودروم، سۇ يولى، ماياك، بەلگىلەرگەن بۇزغۇنچىلىق قىسپ ياكى باشقا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، پويىز، ئاپتوموبىل، ترامۋاي ـ تراللىبۇس، كېمە ـ پاراخوت، ئاۋىئا ۋاستىلىرىنى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش، ۋەيران بولۇش خەۋپىگە ئۇچراتقان بولسىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلمىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ118ماددا ئېلېكتر، يېقىلغۇ گاز ئۈسكۈنىلىرىگە ياكى ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان باشقا ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلمىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ119ماددا قاتناش ۋاستىلىرى، قاتناش ئەسلىھەلىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، يېقىلغۇ گاز ئۈسكۈنىلىرىگە، ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ،

ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتلەرنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-120ماددا تېررورلۇق تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان ۋە ئاكتىپ قاتناشقانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ھەمدە قاتىللىق قىلىش، پارتلىتىش، تۇتۇپ كېتىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرگە بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاشقا دائىر بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-121ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى ياكى باشقا يوللار بىلەن ئاۋئىا ۋاستىلىرىنى بۇلىغانلارغا ئونيىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا ياكى ئاۋئىاۋاستىلىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

-122ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى ياكى باشقا يوللار بىلەن كېمە-پاراخوت، ئاپتوموبىللارنى بۇلىغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-123ماددا ئۇچۇۋاتقان ئاۋئىاۋاستىلىرىدىكى خادىملارغا زورلۇق ئىشلىتىپ، ئۇچۇش بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلمىغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق

جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ124ماددا رادىئو-تېلېۋىزىيە ئەسلىھەلىرى، جامائەت تېلېگراف ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتلەرنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ125ماددا قورال-ياراغ، ئوق-دورا، پارتلاتقۇچنى قانۇنسىز ياسىغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان، پوچتىدىن يوللىغان ۋە ساقلىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

يادرو ماتېرىياللىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ ساتقان ۋە توشۇغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا 1-تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ126ماددا قورال-ياراغ ياسىش ۋە سېتىشنى قانۇن بويىچە كۆرسىتىلگەن ۋە بېكىتىلگەن كارخانىلار قورال-ياراغ باشقۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، شۇ ئورۇنغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر

بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ:

(1)قانۇنسىز سېتىش مەقسىتىدە، قورال-ياراغنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ياكى بەلگىلەنگەن تۈرگە ئەمەل قىلماي ياسىغان، تەمىنلىگەن بولسا؛

(2)قانۇنسىز سېتىش مەقسىتىدە، قورال-ياراغنى نومۇرسىز، تەكرار نومۇرلۇق، يالغان نومۇرلۇق قىلىپ ياسىغان بولسا؛

(3)قورال-ياراغنى قانۇنسىز ساتقان ياكى ئېكسپورت ئۈچۈن ياسالغان قورال-ياراغنى چېگرا ئىچىدە ساتقان بولسا.

ـ127ماددا قورال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە پارتلاتقۇچنى ئوغرىلىغان ۋە تارتىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

قورال-ياراغ، ئوق-دورا، پارتلاتقۇچنى بۇلىغان ياكى دۆلەت ئورگانلىرى، ھەربىي-ساقچى خادىملار، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال-ياراغ، ئوق-دورا، پارتلاتقۇچنى ئوغرىلىغان ۋە تارتىۋالغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ128ماددا قورال-ياراغ باشقۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى قانۇنسىز ھالدا ئېلىكىدە تۇتقان ۋە يوشۇرۇن ساقلىغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن قانۇن بويىچە قورال بېرىلگەن خادىملاردىن قورال-ياراغنى قانۇنسىز ئىجارىگە ۋە ئارىيەتكە بەرگەنلىرىگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

قانۇن بويىچە قورال بېرىلگەن خادىملاردىن قورالنى قانۇنسىز ئىجارىگە ۋە ئارىيەتكە بېرىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا 1-تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن-2 ، -3تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا 1-تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-129ماددا ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن قانۇن بويىچە قورال بېرىلگەن خادىملاردىن قورالنى يوقىتىپ قويۇپ ۋاقتىدا مەلۇم قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-130ماددا قورال-ياراغ، ئوق-دورا، باشقۇرۇلىدىغان تىغلىق سايمانلارنى ياكى پارتلاپ كېتىدىغان، ئاسان ئوت ئالىدىغان بويۇملارنى، رادىئوئاكتىپلىق، زەھەرلىك، چىرىتكۈچى بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ، جامائەت سورۇنلىرىغا كىرىپ ياكى ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىگە چىقىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسىياكى رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

-131ماددا ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىدىن قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، زور ئۇچۇش ھادىسىسى سادىر قىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جاەزاسى بېرىلىدۇ؛ ئايروپىلاننىڭ چۈشۈپ كېتىپ پاچاقلىنىشى ياكى ئادەم ئۆلۈشنى پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-132ماددا تۆمۈر يول ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆمۈر يول ترانسپورتىدا بىخەتەرلىك ھادىسىسى تۇغدۇرۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق

جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ133ماددا قاتناش ـ ترانسپورتنى باشقۇرۇش قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىسپ، زور ھادىسە تۇغدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى ۋە ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلىرىغا ياكى جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قاتناش ـ ترانسپورت ھادىسىسى تۇغاۋۇرغاندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە قەبىھ قىلمىش سادىر قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قېچىپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ134ماددا زاۋۇت، كان، ئورمانچىلىق مەيدانى، بىناكارلىق كارخانىسى ياكى باشقا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن باشقۇرۇشقا بويسۇنماي، قائىدە ـ تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىپ ياكى ئىشچىلارنى قائىدىگە خىلاپ ھالدا قاراملىق بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا زورلاپ، زور تالاپەت تۇغدۇرغانلارغا ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ135ماددا زاۋۇت، كان، ئورمانچىلىق مەيدانى، بىناكارلىق كارخانىسى ياكى باشقا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەي، ئالاقىدار تارماقلار ياكى شۇ ئورۇننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىنمۇ يوشۇرۇن ئاپەتكە تەدبىر قوللىنىلماي زور تالاپەت ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، بىۋاستە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولغانلارغا ئۈچيىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ136ماددا پارتلاپ كېتىدىغان، ئاسان ئوت ئالىدىغان بويۇملار، رادىئوكتىپلىق، زەھەرلىك،

چىرىتكۈچ بويۇملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ساقلاش، توشۇش ۋە ئىشلىتىش جەريانىدا زور ھادىسە تۇغدۇرۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنايى جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-137ماددا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى، لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ۋە قۇرۇلۇشقا نازارەت قىلغۇچى ئورۇنلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىپ، زور بىخەتەرلىك ھادىسىسى سادىر قىلسا، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلسا، بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-138ماددا مەكتەپ بىناسى ياكى مائارىپ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، تەدبىر قوللانماي ياكى ئۇنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلماي، زور تالاپەت پەيدا قىلسا، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلسا، ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-139ماددا ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش قانۇن-نىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا نازارەت قىلغۇچى ئورگاننىڭ تۈزىتىش تەدبىرى قوللىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئىجرا قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنايى جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ

## ئۈچىنچى باب سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى

### بىرىنچى پاراگراف ساختا-ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش جىنايىتى

140-ماددا ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ساتقۇچىلاردىن مەھسۇلاتقا باشقا نەرسىلەرنى، ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، يالغاننى راست، ناچارنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىپ ياكى ئۆلچەمگە لايىق كەلمەيدىغان مەھسۇلاتنى ئۆلچەمگە لايىق مەھسۇلات قىلىپ كۆرسىتىپ، سېتىش سوممىسى 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سېتىش سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سېتىش سوممىسى 500 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 2 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 5- پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سېتىش سوممىسى 2 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

141-ماددا كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان يالغان دورا ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىفزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ،قوشۇمچە ياكى ئايرىم سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان

يەتكۈزگەنلىرىگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى پەيدا قىلغانلىرىغا ياكى كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە پەۋقۇلئاددە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىرىگە ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

بۇ ماددىدا ئېيتىلغان يالغان دورا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە يالغان دورا ھېسابلىنىدىغان ۋە يالغان دورا قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان دورىلارنى، دورا ئەمەس نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

-142ماددا ناچار دورا ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلاردىن كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىرىگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

بۇ ماددىدا ئېيتىلغان ناچار دورا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ناچار دورا ھېسابلىنىدىغان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

-143ماددا تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلاردىن يېمەكلىكتىن ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلىنىش ھادىسىسىنى ياكى يېمەكلىكتىن بولىدىغان باشقا ئېغىر كېسەللەرنى پەيدا قىلىش خەۋپىنى تۇغدۇرغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم سېتىش

سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قوييۇلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىرىگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قوييۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قوييۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ـ144ماددا ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقان يېمەكلىككە يېمەكلىكنىڭكىدىن باشقا زەھەرلىك، زىيانلىق خىمىيە ئەشيالارنى ئارىلاشتۇرغانلارغا ياكى يېمەكلىكنىڭكىدىن باشقا زەھەرلىك، زىيانلىق خام ئەشيالار ئارىلاشتۇرۇلغان يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم ئسېتىش سوممىسىنىڭ 5 ـپىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قوييۇلىدۇ؛ يېمەكلىكتىن ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلىنىش ھادىسىسىنياكى يېمەكلىكتىن بولىدىغان باشقا ئېغىر كېسەللەرنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قوييۇلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈ كېتىشىنى پەيدا قىلغانلارغا ياكى كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە پەۋقۇلئاددە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلەرگە مۇشۇ قانۇننىڭ 141ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ145ماددا دۆلەتنىڭ ۋە ساھەنىڭ تەن سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان داۋالاش ئەسۋابى، تىببىي تازىلىق ماتېرىيالى ئىشلەپچىقارغان ياكى دۆلەتنىڭ ۋە ساھەنىڭ تەن سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان داۋالاش ئەسۋابى، تىببىي تازىلىق ماتېرىيالى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلاردىن كىشىلەرنىڭ

تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزەلىرىدە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىك 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

-146ماددا دۆلەتنىڭ ۋە ساھەنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئېلېكتر سايمانلىرى، بېسىملىق قاچا ۋە ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان مەھسۇلات ياكى دۆلەتنىڭ ۋە ساھەنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان ۋە ياكى دۆلەتنىڭ ۋە ساھەنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئائىت ئۆلچىمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مەھسۇلات ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلاردىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-147ماددا يالغان دېھقانچىلىق دورىسى، يالغان مال دوختۇرلۇق دورىسى ۋە يالغان خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقارغان، يالغان ياكى كۈچىدىن قالغان دېھقانچىلىق دورىسى، مال دوختۇرلۇق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلار ياكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار،

ساتقۇچىلاردىن ئۆلچەمگە توشمايدىغان دېھقانچىلىق دورىسى، مال دوختۇرلۇق دورىسى، خىمىيۋى ئوغۇت ۋە ئۇرۇقنى ئۆلچەمگە توشىدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئېغىرراق زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىشنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىشنى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ـ148ماددا تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پەرداز بويۇملىرىنى ئىشلەپچىقارغان ياكى تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پەرداز بويۇمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلاردىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم سېتىش سوممىسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ149ماددا مۇشۇ پاراگرافتىكى-141 ماددىدىن 148-ماددىغىچە بولغان ماددىلاردا كۆرسىتىلگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلاردىن قىلمىشى شۇ ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتكە توشمىسىمۇ، سېتىش سوممىسى يۇقىرى 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بوغانلىرىغا مۇشۇ پاراگرافنىڭ ـ140ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەتىبېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

مۇشۇ پاراگرافنىڭ 141-ماددىسىدىن 148-ماددىسىغىچە بولغان ماددىلىرىدا كۆرسىتىلگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلاردىن قىلمىشى شۇ ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتكە توشىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇشۇ پاراگرافنىڭ 140-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتكىمۇ

توشۇدىغانلىرىغا، ئېغىرراق جازا بېرىش ھەققىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-150ماددا ئورۇنلاردىن مۇشۇ پاراگرافتىكى 140-ماددىدىن 148-ماددىغىچە بولغان ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا شۇ ماددىلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف ئەتكەسچىلىك جىنايىتى

-151ماددا قورال-ياراغ، ئوق-دورا، يادرو ماتېرىيالى ياكى يالان پۇل ئەتكەسچىلىكى قىلغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچيىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

دۆلەت ئېكىسپورت قىلىشنى مەنئى قىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك مېتال ياكى دۆلەت ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلغان ئەتىۋارلىق ھايۋان ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغانلارغا بەشيىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

دۆلەت ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلغان ئەتىۋالىق، ئاز ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇم ئەتكەشچىلىكى قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-1،-2 تارماقتا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەردىن قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا

مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئورۇنلاردىن مۇشۇ ماددىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا مۇشۇ ماددىنىڭ تارماقلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ .

ـ152ماددا پايدا تېپىش ياكى تارقىتىش مەقسىتىدە، شەھۋانىي كىنو فىلىمى، سىنئالغۇ ـ ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سۈرەت، كىتاب ـ ژۇرنال ياكى باشقا شەھۋانىي بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغ ائون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خىدىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ153ماددا مۇشۇ قانۇننىڭ 151ـ، 152ـ، 347ـماددىلىرىدا بەلگىلەنگەندىن باشقا مال ۋە بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغانلارغا قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ:

(1)مال، بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغانلاردىن ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسى 500 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جفزاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق

جازاسى بېرىلىدۇ، ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 151-ماددىسىنىڭ 4-تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

(2)مال، بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغانلاردىن ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسى 150 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

(3)مال، بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغانلاردىن ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسى 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 150 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنى بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

كۆپ قېتىم ئەتكەسچىلىك قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنمىغانلارغا ئەتكەس مال، ئەتكەس بۇيۇملىرىنىڭ ئوغرىلىغان، قاچۇرغان باج سوممىسىنىڭ يىغىندىسى بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

154-ماددا تۆۋەندىكى ئەتكەسچىلىك قىلمىشلىرىدىن مۇشۇ پاراگرافتىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەتكە توشىدىغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 153-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ:

(1)تاموژنىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي ھەمدە تاپشۇرىدىغان باج سوممىسىنى تولۇقلاپ تاپشۇرماي تۇرۇپ، ئىمپورت قىلىشقا تەستىقلانغان، پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىشكە، قۇراشتۇرۇپ بېرىشكە كىرگۈزۈلگەن ۋە تۆلەم سودىسىغا كېرەكلىك بولغان خام ئەشيا-ماتېرىيال، دېتال، تەييار مەھسۇلات، ئۈسكۈنە قاتارلىق باجدىن خالىي ماللارنى چېگرا ئىچىدە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سېتىپ پايدا ئېلىش؛

(2)تاموژنىنىڭ ئىجازىتىنى ئالماي ھەمدە تاپشۇرىدىغان باج سوممىسىنى تولۇقلاپ تاپشۇرماي تۇرۇپ، بېجى ئالاھىدە بەلگىلىمە بويىچە كېمەيتىلىپ، كەچۈرۈم قىلىنىپ ئىمپورت قىلىنغان مال ۋە بويۇملارنى چېگرا ئىچىدە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سېتىپ پايدا ئېلىش.

155-ماددا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، مۇشۇ پاراگرافتىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ:

(1)دۆلەت ئىمپورت قىلىشنى مەنئى قىلغان بۇيۇملارنى ئەتكەسچىلەردىن قانۇنسىز يول بىلەن بىۋاستە سېتىۋالغانلار ياكى ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن ئىمپورت قىلغان باشقا مال ۋە بۇيۇملارنى ئەتكەسچىلەردىن قانۇنسىز يول بىلەن بىۋاستە سېتىۋالغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلار؛

(2)ئىچكى دېڭىز ۋە دېڭىز تەۋەلىكىمىزدە دۆلەت ئىمپورت-ئېكىسپورت قىلىشنى مەنئى قىلغان بۇيۇملارنى توشۇغان، سېتىۋالغان ۋە ئېلىپ ساتقانلار ياكى دۆلەت ئىمپورت-ئېكىسپورتتا چەك قويغان مال ۋە بويۇملارنى توشۇغان، سېتىۋالغان ۋە ئېلىپ ساتقانلار ياكى دۆلەت ئىمپورت-ئېكىسپورتتا چەك قويغان مال ۋە بويۇملارنى توشۇغان، سېتىۋالغان ۋە ئېلىپ ساتقانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلار ۋە قانۇنلۇق ئىسپاتى بولمىغانلار؛

(3)تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدىن قاچۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى قاتتىق تاشلاندۇقنى چېگرا ئىچىگە توشۇپ كىرگەنلەر.

-156ماددا ئەتكەسچى جىنايەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنى قەرز پۇل، مەبلەغ، ھېسابات نومۇرى، تالون، ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەنلەر ياكى ئۇلارغا توشۇش، ساقلاش، پوچتىدىن ئەۋەتىش قولايلىقى ياكى باشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنلەر ئەتكەسچىلىك قىلغان ئورتاق جىنايەتچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

-157ماددا ئەتكەسچىلەرنى قوراللىق قوغدىغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 151-ماددىسىنىڭ 1- ۋە -4تارماقلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇشقا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر ۋە مۇشۇ قانۇنىڭ 277-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئۆتۈشكە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش تۈغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى پاراگراف شىركەت ۋە كارخانا باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

-158ماددا شىركەتنى تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشتا يالغان ئىسپات-ھۆججەتلەرنى ئىشلىتىپ ياكى تىزىمغا ئالدۇرىدىغان كاپىتالنى باشقا ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن يالغان مەلۇم قىلىپ، شىركەت تىزىملاشقا مەسئۇل ئورگاننى ئالداپ شىركەتنى تىزىمغا ئالدۇرۇۋالغانلاردىن يالغان مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان كاپىتال سوممىسى ناھايىتى كۆپ، ئاقىۋىتى ئېغىر ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، يالغان مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرغان كاپىتال سوممىسىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن يۇقىرى، بەش پىرسەنتىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ

بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ اتۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-159ماددا شىركەت تەشەببۇسلىرى ۋە پايچېكلىرىدىن شىركەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تاپشۇرمىغان ياكى مال-مۈلۈك هوقۇقىنى يۆتكىمەي، كۆپ بۇياپ مەبلەغ چىقارغان ياكى شىركەتنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چىقارغان مەبلىغىنىمۇ ئېلىۋالغانلاردىن مىقدارى ناهايىتى كۆپ، ئاقىۋىتى ئېغىر ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، كۆپ بۇياپ چىقارغان مەبلەغ سوممىسى ياكى ئېلىۋالغان مەبلەغ سوممىسىنىڭ ئىككى پىرسەنتىدىن يۇقىرى، ئون پىرسەنتىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-160ماددا پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرمىسى، پاي خېرىدارنامىسىدە، شىركەت، كارخانىلارنىڭ رازىيوم توپلاش چارىسىدە مۇھىم پاكىتنى يوشۇرۇپ ياكى زور يالغان مەزمۇن ئويدۇرۇپ، پاي چېكى ياكى شىركەت، كارخانا زايومى تارقاتقانلاردىن مىقدارى ناهايىتى كۆپ، ئاقىۋىتى ئېغىر ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەشيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قانۇنسىز توپلىغان مەبلەغ سوممىسىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن يۇقىرى، بەش پىرسەنتىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-161ماددا پايچېكلارغا ۋە جامائەتچىلىككە ساختا ياكى مۇھىم پاكىتلار يوشۇرۇلغان مالىيە

بوغالتىرلىق مەلۇماتىنى كۆرستىپ، پايچېكلارنىڭ ياكى باشقا كىشلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان شىركەتلەرنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ162ماددا مۈلۈكنى ئېنىقلاش ۋاقتىدا، مۈلۈكنى يوشۇرۇپ، ئاكتىپ-پاسسىپ جەدۋىلى ياكى مۈلۈك تىزىملىكىنى تەييارلاشتا ساختىلىق قىلىپ ياكى قەرزنى ئۈزمەي تۇرۇپ شىركەت ۋە كارخانىنى مال-مۈلكىنى تەقسىم قىلىپ، ھەقدارلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن شىركەت ۋە كارخانىلارنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ163ماددا ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلاردىن پۇل-مال تەلەپ قىلىپ ياكى باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى قانۇنسىز ئېلىپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن شىركەت ۋە كارخانا خىزمەتچىلىرىدىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسا بولىدۇ.

ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۈرلۈك نامدىكى ئۇستەڭ، رەسمىيەت ھەققى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشى بىلەن شىركەت ۋە كارخانا خادىملىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت شىركەتلىرى ۋە كارخانىلىرىدا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملاردىن ۋە دۆلەت شىركەتلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى دۆلەت شىركەتلىرى ئىلكىدە بولمىغان شىركەت ۋە كارخانىلارغا ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتكەن خىدىملاردىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 385ـ، 386ـماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە

جىنايەت  بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ164ماددا نامۇۋاپىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، شىركەت ۋە كارخانا خادىملىرىغا پۇل ـ مال بەرگەنلەردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك  قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خىزمىتىدىكى باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

پارا بەرگۈچىلەردىن پارا بېرىش قىلمىشىنى سۈرۈشتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرغانلىرىغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە ياكى  جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

ـ165ماددا دۆلەت شىركەتلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ مۇدىر، دىرېكتورلىرىدىن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان شىركەت ۋە كارخانىنىڭ تىجارىتى بىلەن ئوخشاش تىجارەتنى ئۆزى باشقۇرۇپ ياكى باشقىلارغا باشقۇرۇپ بېرىپ، قانۇنسىز پايدا ئالغانلاردىن مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە  سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى  پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچىيىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ166ماددا دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرىدىن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ  ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ دۆلەت  مەنپەئىتىنى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى

بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1)ئۆز ئورنىنىڭ پايدا تاپىدىغان كەسپىنى ئۆز يېقىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنلەر؛

(2)ئۆز يېقىنى باشقۇرۇۋاتقان ئورۇندىن بازار باھاسىدىن روشەن يۇقىرى باھادا تاۋار سېتىۋالغانلار ياكى ئۆز يېقىنى باشقۇرۇۋاتقان ئورۇنغا بازار باھاسىدىن روشەن تۆۋەن باھادا تاۋار سېتىپ بەرگەنلەر؛

(3)ئۆز يېقىنى باشقۇرۇۋاتقان ئورۇندىن ئۆلچەمگە توشمايدىغان تاۋار سېتىۋالغانلار.

-167ماددا دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خىزمەتچىلىرىدىن توختام تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش تۈپەيلىدىن ئالدىنىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ دۆلەت مەنپەئەتىنى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ.

-168ماددا دۆلەت شىركەتلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت شىركەتلىرى ۋە كارخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ ياكى ئېغىر زىيان تارتقۇزۇپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-169ماددا دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى ياكى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت مۈلكىنى تۆۋەن باھادا پايىغا سۇندۇرۇپ ياكى تۆۋەن باھادا سېتىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ دۆلەت مەنپەئەتىنى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ

تۆتىنچى پاراگراف پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى

-170ماددا ياسالغان پۇل ياسىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنايىسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)يالغان پۇل ياساش گۇرۇھىدىكى باش ئۇنسۇرلار؛

(2)ياسىغان يالغان پۇلنىڭ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلار؛

(3)باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلار.

-171ماددا يالغان پۇلنى ساتقان، ۋېتىۋالغان ياكى يالغان پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ توشۇغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن يالغان پۇل سېتىۋالغان ياكى ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ يالغان پۇلنى راست پۇلغا ئالماشتۇرۇۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئون

يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇۋۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

يالغان پۇل ياسىغان ھەمدە ساتقان ياكى توشۇغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 170-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-172ماددا يالغان پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلكىدە تۇتقان ۋە ئىشلەتكەنلەردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

-173ماددا پۇلنى ئۆزگەرتىپ ياسىغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلارغا ئۈچيىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-174ماددا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، سودا بانكىسى ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى

ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەكتە سىلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچيىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

سودا بانكىسى ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنىڭ تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى ياسىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغان ۋە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جىۋابكار مەسئۇل خىدىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا 1ـ تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ175ماددا ئۆزى ئالغان كرېدىت مەبلىغىنى باشقىلارغا بېرىپ پايدا ئېلىش مەقسىتىدە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنى ڭكرېدىت مەبلىغىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ باشقىلارغا يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز بەرگەنلەردىن قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سىلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قولشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ176ماددا جامائەت ئامانەت پۇلىنى قانۇنسىز قوبۇل قىلىپ ياكى باشقا يول بىلەن قوبۇل قىلىپ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سىلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200

مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭيۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جىۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ177ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، پۇل مۇئامىلە تالون ـ ئىسپاتلىرىنى ياسىغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسىغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)پىرېۋوت چېكى، خاس چەك ۋە پۇل چېكىنى ياسىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغانلار؛

(2)ھاۋالە كىرىم دوقۇمېنتى، پىرېۋوت پۇل دوكۇمېنتى، بانكىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل تالونى قاتارلىق بانكا راسچوتىنى باشقا دوكۇمېنتلىرىنى ياسىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغانلار؛

(3)كرېدىت گۇۋاھنامىسى ياكى قوشۇمچە تالون، ھۆججەتلەرنى ياسىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغانلار؛

(4)كرېدىت كارتۇچكىسىنى ياسىغانلار.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ178ماددا خەزىنە چېكى ياكى دۆلەت تارقاتقان باشقا ئاكسىيلەرنى ياسىغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسىغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

پاي چېكى ياكى شىركەت، كارخانا زايومنى ياسىغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسىغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچيىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ179ماددا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، پاي چېكى ياكى شىركەت، كارخانا زايومنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تارقاتقانلاردىن مىقدارى ناھايىتى كۆپ، ئاقىۋىتى ئېغىر ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قانۇنسىز توپلىغان مەبلەغ سوممىسىنىڭ بىر پىرسەنتىدىن يۇقىرى، بەش پىرسەنتىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ180ماددا ئاكسىيە سودىسىنى ئىچكى ئۇچۇرلىرىنى بىلىدىغانلار ياكى ئاكسىيە سودىسىنىڭ ئىچكى ئۇچۇرلىرىنى قانۇنسىز قولغا چۈشۈرۈۋالغانلار ئاكسىيىنىڭ تارقىتىلىشى ۋە ئېلىپ سېتىلىشىغا ئالاقىدار بولغان ئۇچۇرلار ياكى ئاكسىيىنىڭ باھاسىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا ئۇچۇرلار ئاشكارىلىنىشتىن بۇرۇن، شۇ ئاكسىيىنى سېتىۋېلىش ياكى سېتىۋېتىش ۋە ياكى شۇ ئۇچۇرنى ئاشكارىلاپ قويۇش قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئىچكى ئۇچۇرلارنىڭ دائىرىسى قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

ئىچكى ئۇچۇرنى بىلىدىغانلارنىڭ دائىرىسى قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

ـ181ماددا ئاكسىيە سودىسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان يالغان ئۇچۇر توقۇپ ۋە تارقىتىپ، ئاكسىيە سودا بازىرىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلاردىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇيمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئاكسىيە بىرژىسى ۋە ئاكسىيە شىركىتىدىكى كەسىپكارلاردىن، ئاكسىيىچىلىك جەمئىيتى ياكى ئاكسىيە باشقۇرۇش تارمىقىدىكى خىزمەتچىلەردىن قەستەن يالغان ئۇچۇر بېرىپ ياكى سودا خاتىرىسىنى ياساپ، ئۆزگەرتىپ ياساپ، كېچىدۈرۈۋېتىپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئالداپ ئاكسىيە ئېلىپ ساتقۇزۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە قەبىھ بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى،م ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەشيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ182ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، ئاكسىيە سودىسىدا باھانى كونترول قىلىۋېلىپ نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ياكى خەۋپ ـ خەتەرنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1)ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىشىۋېلىپ، مەبلەغ ئۈستۈنلىكى، پاي ئىگىلەش ئۈستۈنلۈكى تولاپ ياكى ئۇچۇر ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ بىرلىشىپ ياكى ئۇدا ئېلىپ سېتىپ، ئاكسىيە سودىسىدا باھانى قونترول قىلىۋېلىش؛

(2)تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ئالدىن كېلىشىۋالغان ۋاقىت، باھا ۋە ئۇسۇل بويىچە ئاكسىيە سولدىسى قىلىش ياكى ئۆز ئىلكىدە بولمىغان ئاكسىيىنى ئېلىپ سېتىش، ئاكسىيە سودىسىدا باھاغا ياكى ئاكسىيە سودا مىقدارىغا تەسىر يەتكۈزۈش؛

(3)ئۆزى سودا ئوبيېكتى بولۇۋېلىپ، ئاكسىيە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى يۆتكىمەي ئۆزى ئېلىپ ئۆزى سېتىپ، ئاكسىيە سودىسىدا باھاغا ياكى ئاكسىيە سودا مىقدارىغا تەسىر يەتكۈزۈش؛

(4)ئاكسىيە سودىسىدا باھانى باشقا ئۇسۇللار بىلەن كونترول قىلىۋېلىش.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-183ماددا سۇغۇرتا شىركىتى خادىملىرىدىن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، يۈز بەرمىگەن سۇغۇرتا ھادىسىسىنى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىپ، كۆز بوياپ تۆلەپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 271-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت سۇغۇرتا شىركىتى خادىملىرىدىن ۋە دۆلەت سۇغۇرتا شىركىتىدىن دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سۇغۇرتا شىركىتىگە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلگەن خادىملاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 382- ۋە 383-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-184ماددا بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن پۇل مۇئامىلە كەسپىي پائالىيەتلىرىدە باشقىلاردىن پۇل-مال تەلەپ قىلىپ ياكى پۇل-مالنى قانۇنسىز ئېلىپ، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەنلەرگە ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ تۈرلۈك نامدىكى ئۇستەك، رەسمىيەت ھەققى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنى قىلىۋالغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 163-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن ۋە دۆلەت پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىغا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلگەن خىدىملاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 385- ۋە

386ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت  بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ185ماددا بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئورنىنى ياكى مۇئامىلىدارلارنىڭ مەبلىغىنى ئىشلىتىۋالغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 272ـ ماددىسىدىكى  بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن ۋە دۆلەت پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىن دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىغا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلگەن خىزمەتلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 384ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ186ماددا بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن قانۇن ۋە مەمۇريي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە  خىلاپلىق قىلىپ، چۆپقەتلىرىگە ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ياكى كېپىللىك قەرز پۇل تارقىتى شەرتىنى باشقا قەرز ئالغۇچىلارغا ئوخشاش تۈردىكى قەرز پۇل بېرىش شەرتىدىن كەڭرەك قىلىپ بېرىپ، چوڭراق زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ زور زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن  يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن قانۇن ۋە مەمۇريي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، چۆپقەتلەردىن باشقىلارغا قەرز پۇل بېرىپ، ئېغىر زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن  جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە زور زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى  مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن  تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە

ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

چۈپقەتلەرنىڭ دائىرىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سودا بانكىسى قانۇنى» ۋە ئالاقىدار پۇل مۇئامىلە نىزاملىرى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

ـ187ماددا بانكا ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە مۇئامىلىدارلاردىن قوبۇل قىلغان مەبلەغنى ھېساباقا كىرگۈزمەسلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەبلەغنى قانۇنسىز ئۆتنە بېرىشكە، قەرز تارقىتىشقا ئىشلىتىپ، زور زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە زور زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەشيىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭيۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ188ماددا بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارغا كىرىدىت گۇۋاھنامىسى ياكى باشقا كاپالەت خېتى، چەك ـ ھۆججەت، پۇل ئامانەت تالونى، مەبلەغ ئىناۋەتنى ئىسپاتى بېرىپ، چوڭراق زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ زور زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جگرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنى بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ189ماددا بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن چەك ـ ھۆججەت كەسپىدە، چەك ـ ھۆججەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ كېلىدىغان چەك ـ ھۆججەتنىڭ چىقىمىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا پۇل چىقىم قىلىپ ياكى كېپىللىك قىلىپ، زور زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە زور زىيان پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ190ماددا دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى ياكى باشقا دۆلەت ئورۇنلىرىدىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تاشقى پېرېۋوتنى چېگرا سىرتىغا ئامانەت قويۇپ ياكى چېگرا ئىچىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى چېگرا سىرتىغا قانۇنسىز يۆتكەپ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ191ماددا زەھەرلىك بۇيۇم جىنايىتى، قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات جىنايىتى ۋە ئەتكەسچىلىك جىنايىتىدىن قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان پايدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە خاراكتېرىنى پەردازلاش، يوشۇرۇش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلغانلارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تاپقان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلغان پايدىسى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئۇلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، يۇيۇلغان پۇل سوممىسىنىڭ بەش پىرسەنتىدىن يۇقىرى، 20 پىرسەنتىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، يۇيۇلغان پۇل سوممىسىنىڭ بەش پىرسەنتىدىن يۇقىرى، 20

پىرسەنتىدىن تۆۋەن قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1)مەبلەغ ئىسچوتىنى بەرگەنلەر؛

(2)مال-مۈلۈكنى نەق پۇلغا ياكى پۇل مۇئامىلە چەك-ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ياردەم بەرگەنلەر؛

(3)مېمورىئال راسچوت قىلىش ياكى باشقا راسچوت قىلىشى ئۇسۇلى بىلەن مەبلەغنى يۆتكىۋېتىشكە ياردەم بەرگەنلەر؛

(4)مەبلەغنى چېگرا سىرتىغا پىرېۋوت قىلىۋېتىشكە ياردەم بەرگەنلەر؛

(5)جىنايەتتىن قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان پايدىنىڭ خىراكتېرى ۋە مەنبەسىنى باشقا ئۇسۇللار بىلەن پەردازلىغان ۋە يوشۇرغانلار.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

بەشىنچى پاراگراف پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىقى جىنايىتى

-192ماددا قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە، ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قانۇنسىز مەبلەغ توپلىغانلاردىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن

جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

-193ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى بىرىنى سادىر قىلىپ، قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە، بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنى ئالداپ قەرز پۇل ئالغانلاردىن سومىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)مەبلەغ ۋە تۈر قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈشتە يالغان سەۋەب ئويدۇرۇپ چىقىرىش؛

(2)يالغان ئىقتىسادىيتوختام ئىشلىتىش؛

(3)يالغان ئىسپات-ھۆججەت ئىشلىتىش؛

(4)يالغان مۈلۈك ھوقۇقى ئىسپاتىنى كېپىللىككە ئىشلىتىش ياكى رەنگە قويۇلغان نەرسىنىڭ قىممىتىدىن ئاشۇرۇپ تەكرار كېپىللىك بېرىش؛

(5)باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئالداپ قەرز پۇل ئېلىش.

-194ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، پۇل مۇئامىلە چەك-ھۆججىتى ئالدامچىلىقى قىلغانلاردىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىنىق تۆۋەن جەرىامەن قويۇلىدۇ. سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە

50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قوشۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)پىرېۋوت چېكى، خاس چەك ۋە پۇل چېكىنىڭ ياسالغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىش؛

(2)بىكار قىلىنغان پىرېۋوت چېكى، خاس چەك ۋە پۇل ئېكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىش؛

(3)باشقىلارنىڭ پىرېۋوت چېكى، خاس چېكى ۋە پۇل چېكىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ئىشلىتىۋېلىش؛

(4)قۇرۇق پۇل چېكى ياكى قالدۇرۇلغان تامغا ئىزى ۋە ئىمزاغا ئېغىۋن كەلمەيدىغان پۇل چېكىگە قول قويۇپ، پۇل ـ مال ئالداپ ئېلىۋېلىش؛

(5)پىرېۋوت چېكى، خاس چەك كەسكۈچى مەبلەغ كېپىللىكى بولمىغان پىرېۋوت چېكى، خاس چەككە قول قويۇپ ياكى چەك كەسكەندە يالغان خاتىرىلەپ، ئالداپ پۇل ـ مال ئېلىۋېلىش.

ياسىغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالغان ھاۋالە كىرىم دوكۇمېنتى، پۇل پىرېۋوت دوكۇمېنتى، بانكا ئامانەت پۇل تالونى قاتارلىق بانكىنىڭ باشقا راسچوتىدىكى دوقۇمېنتلىرىنى ئىشلەتكەنلەرگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ195ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، كرېدىت گۇۋاھنامىسى ئالدامچىلىقى قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى

بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)ياسىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغان كرېدىت گۇۋاھنامىسى ياكى قوشۇمچە تالون، ھۆججەتلەرنى ئىشلىتىش؛

(2)بىكار قىلىنغان كرېدىت گۇۋاھنامىسىنى ئىشلىتىش؛

(3)كرېدىت گۇۋاھنامىسىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش؛

(4)باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق كرېدىت گۇۋاھنامىسى ئالدامچىلىقى قىلىش.

-196ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، كرېدىت كارتوچكىسى ئالداچمىلىقى قىلغانلاردىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جفزاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تكۆەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)ياسۋالغان كرېدىت كارتوچكىسىنى ئىشلىتىش؛

(2)بىكار قىلىنغان كرېدىت كارتوچكىسىنى ئىشلىتىش؛

(3)باشقىلارنىڭ كرېدىت كارتوچكىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ئىشلىتىش؛

(4)يامان غەرەزدە ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش.

ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان يامان غەرەزدە ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش كارتوچكا ئىگىسىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە، بەلگىلەنگەن نورمىدىن ياكى بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ چىقىم

قىلىش ھەمدە كارتوچكا تارقاتقان بانكا تاپشۇرۇشنى سۈيلىگەندىن كېيىنمۇ قايتۇرۇپ بەرمەسلىك قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ.

كرېدىت كارتۇچكىسىنى ئوغرىلىغان ۋە ئىشلەتكەنلەرگە مۇشۇ قانۇننىڭ 264ـماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ197ماددا ياسىۋالغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغان خەزىنە چېكىنى ياكى دۆلەتنىڭ باشقا ئاكسىيلىرىنى ئىشلىتىپ ئالدامچىلىق قىلغانلاردىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمان قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ـ198ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ، سۇغۇرتا ئالدامچىلىقى قىلغانلاردىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)سۇغۇرتىلاتقۇچى سۇغۇرتا نىشانىنى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش؛

(2)سۇغۇرتىلاتقۇچى، سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى مەنپەئەتدار يۈز بەرگەن سۇغۇرتا ھادىسىسى ھەققىدە سەۋەب ئويدۇرۇپ ياكى زىياننى كۆپتۈرۈپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش؛

(3)سۇغۇرتىلاتقۇچى، سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى مەنپەئەتدار يۈز بەرمىگەن سۇغۇرتا ھادىسىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش؛

(4)سۇغۇرتىلاتقۇچى، سۇغۇرتىلانغۇچى مال-مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغانلىق سۇغۇرتا ھادىسىسىنى قەستەن پەيدا قىلىپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش؛

(5)سۇغۇرتىلاتقۇچى، مەنپەئەتدار سۇغۇرتىلاتقۇچىنىڭ ئۆلۈشى، زەخىملىنىشى، مېيىپ بولۇشى ياكى كېسەل بولۇشىنى قەستەن پەيدا قىلىپ، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش.

ئالدىنقى تارماقنىڭ (4)، (5) تارماقچىسىدا كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارنى سادىر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا جىنايەتلەرنى شەكىللەندۈرگەنلەرگە بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاشقا ئائىت بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن بىرىنچى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەشيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

سۇغۇرتا ھادىسىسىنى باھالىغۇچى، ئىسپاتلىغۇچى ۋە مال-مۈلۈكنى باھالىغۇچىلاردىن قەستەن يالغان ئىسپات-ھۆججەت بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئالدامچىلىق قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىرى سۇغۇرتا ئالدامچىلىقى قىلغان ئورتاق جىنايەتچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

-199ماددا مۇشۇ پاراگرافنىڭ 192-، 194- ۋە 195 ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى

ئۆتكۈزگەنلەردىن سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلىرىغا ھەمدە دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتىگە پەۋقۇلئاددە ئېغىر زىيان يەتكۈشزگەنلىرىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

-200ماددا ئورۇنلاردىن مۇشۇ پاراگرافنىڭ 192-، 194- ۋە 195-ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىجازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلى قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ

## ئالتىنچى پاراگراف باج ئېلىش-باشقۇرۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى

-201ماددا باج تاپشۇرغۇچىلاردىن ھېسابات دەپتىرى، ھېساباتقا خاتىرىلەش دوكۇمېنتلىرىنى ياساش، ئۆزگەرتىپ ياساش، يوشۇرۇپ قويۇش، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يوقىتىۋېتىش، ھېسابات دەپتەرلىرىدە چىقىمنى كۆپ خاتىرىلەش ياكى كىرىمنى خاتىرىلىمەسلىك-ئاز خاتىرىلەش، باج ئورگانلىرى مەلۇم قىلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، مەلۇمقىلىشنى رەت قىلىش ياكى تاپشۇرىدىغان باجنى يالغان مەلۇم قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج پۇلىنى تاپشۇرمىغان ياكى ئاز تاپشۇرغان، ئوغرىلىغان باج سوممىسى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن يۇقىرى بولغان، 30 پىرسەنتىگە يەتمىگەنلىرىگە ھەمدە ئوغرىلىغان باج سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان، 100 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەنلىرىگە ياكى باج ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن باج ئورگانلىرى ئىككى قېتىم مەمۇرىي جازا بەرگەن تۇرۇپ يەنە باج ئوغرىلىغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك

قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ئوغرىلىغان باج سوممىسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ئوغرىلىغان باج سوممىسى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج سوممىسىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن يۇقىرى ھەمدە ئوغرىلىغان باج سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ئوغرىلىغان باج سوممىسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

باجنى ۋەكالىتەن تاپشۇرغۇچىلاردىن ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، تۇتۇپ قالغان، ئېلىنغان باج پۇلىنى تاپشۇرمىغان ياكى ئاز تاپشۇرغانلاردىن سوممىسى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن يۇقىرى ھەمدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى ئىككى تارماقتا كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارنى كۆپ قېتىم سادىر قىلغانلاردىن بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىرىنىڭ سوممىسى يىغىندى سوممىسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

202-ماددا باج پۇلىنى تاپشۇرۇشنى زورلۇق ئىشلىتىش ۋە تەھدىت سېلىش يولى بىلەن رەت قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان باج پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان باج پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

203-ماددا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج پۇلىنى قەرز قىلىپ، مال-مۈلكىنى يۆتكىۋېتىش ياكى يوشۇرۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، باج ئورگانلىرىنى قەرز قالغان باج پۇلىنى ئالالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان باج تاپشۇرغۇچىلاردىن سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان، 100 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەنلىرىگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش

جازاسى بېرىلىدۇ، قەرز قىلىنغان باج پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قەرز قىلىنغان باج پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-204ماددا دۆلەتنىڭ ئېكسپورت باج قايتۇرما پۇلىنى ئېكسپورتنى يالغان مەلۇم قىلىش ۋاستىسى ياكى باشقا ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى بىلەنئالداپ ئېلىۋالغانلاردىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ئالداپ ئېلىۋالغان باج پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا بەشيىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ئالداپ ئېلىۋالغان باج پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ئالداپ ئېلىۋالغان باج پۇلىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

باج تاپشۇرغۇچىلاردىن باج پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تاپشۇرغان باج پۇلىنى ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن ئالدامچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئېلىۋالغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 201-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ؛ ئالداپ ئېلىۋالغان باج پۇلىنىڭ تاپشۇرغان باج پۇلىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-205ماددا قوشۇلما قىممەت بېجى تالوننى كۆپ بوياپ كەسكەنلەرگە ياكى ئېكسپورت باج قايتۇرمىسى، تولۇقلاپ چىقىرىۋېتىلىدىغان باج پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان باشقا تالونلارنى كۆپ بوياپ كەسكەنلەرگە ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ

تۈرۈپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كۆپ بوياپ كەسكەن تالوندىكى باج سوممىسى كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تىكۆەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كۆپ بوياپ كەسكەن تالوندىكى باج سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشلارنى سادىر قىپ دۆلەتنىڭ باج پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلاردىن سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ، قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولۇپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئورۇنلاردىن مۇشۇ ماددىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خىدمىتىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ كۆپ بوياپ كەسكەن تالوندىكى باج سوممىسى كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ؛ كۆپ بوياپ كەسكەن تالوندىكى باج سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

قوشۇلما قىممەت بېجى تالوننى كۆپ بوياپ كېسىش ياكى ئېكسپورت باج قايتۇرمىسى، توغرىلاپ چىقىرىۋېتىلىدىغان، باج پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان باشقا تالونلارنى كۆپ بوياپ كېسىش، باشقىلار ئۈچۈن كۆز بوياپ كېسىش، ئۆزى ئۈچۈن كۆپ بوياپ كېسىش، ئۆزى ئۈچۈن كۆپ

بوياپ كەستۈرۈش، باشقىلارغا كۆپ بوياپ كېسىشنى تونۇشتۇرۇش قىلمىشلىرىنى بىرەرسىنى سادىر قىلىشنى كۆرستىدۇ.

ـ206ماددا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى ياسىۋالغان ياكى ساتقانلارغا ئۈچ يىلدىن ت،ۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بوغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىنيۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

قوشۇمچە قىممەت بېجى تالونىنى ياسىۋالغان ھەمدە ساتقانلاردىن مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ، قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغانلىرىغا مۇددەتسىزقاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئورۇنلاردىن مۇشۇ ماددىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خىزمىتىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ مىقدارى كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ207ماددا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى قانۇنسىز ساتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ

يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

-208ماددا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى قانۇنسىز سېتىۋالغانلارغا ياكى ياسالغان قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى سېتىۋالغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى قانۇنسىز سېتىۋالغان ياكى ياسالغان قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى سېتىۋېلىش بىلەنلا قالماي، كۆپ بوياپ كەسكەن ياكى ساتقانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 205-، 206- ۋە 207-ماددىلىتىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-209ماددا ئېكسپورت باج قايتۇرۇلمىسى، تۇغرىلاپ چىقىرىۋېتىلىدىغان باج پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان باشقا تالونلارنى ياسىۋالغان، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باسقان ياكى ساتقانلارغا ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلىرىغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جفزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىدە كۆرسىتىلگەندىن باشقا تالونلارنى ياسىۋالغان، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن

باسقان ياكى ساتقانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىنزاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 500 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئېكسپورت باج قايتۇرمىسى، توغرىلاپ چىقىرىۋېتىلىدىغان باج پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان باشقا تالونلارنى قانۇنسىز ساتقانلارغا 1ـ تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ3تارماقتىكى بەلگىلىمىدە كۆرسىتىلگەندىن باشقا تالونلارنى قانۇنسىز ساتقانلارغا 2ـ تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ210ماددا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى ياكى ئېكسپورت باج قايتۇرمىسنى ۋە توغرىلاپ چىقىرىۋېتىلىدىغان باج پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان باشقا تالونلارنى ئوغرىلىغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ264ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى ياكى ئېكسپورت باج قايتۇرمىسنى ۋە توغرىلاپ چىقىرىۋېتىلىدىغان باج پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان باشقا تالونلارنى ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن ئىشلىتىپ ئېلىۋالغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ266ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ211ماددا ئورۇنلاردىن مۇشۇ پاراگرافنىڭ 201ـ، 203ـ، 204ـ، 207ـ، 208ـ، 209ـ ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا شۇ ماددىلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ212ماددا مۇشۇ پاراگرافتىكى 201ـ ماددىدىن205ـ ماددىغىچە بولغان ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، جەرىمانە جازاسى، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش جازاسى بېرىلگەنلەرنىڭ

جازاسى ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى، باج ئورگانلىرى ئۇلارغا باج پۇلىنى ۋە ئالداپ ئېلىۋالغان ئېكسپورت باج قايتۇرما پۇلىنى ئالدى بىلەن تاپشۇرغۇزىدۇ.

يەتتىنچى پاراگراف بىلىم مۈلۈك هوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش جىنايىتى

-213ماددا رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسى ئىگىدارىنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپ، بىر تۈردىكى تاۋارغا رويخەتكە ئېلىنغان ماركا بىلەن ئوخشاش ماركىنى ئىشلەتكەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-214ماددا باشقىلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان ماركىسى ئىشلىتىۋېلىنغان تاۋار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلاردىن سېتىش سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سېتىش سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-215ماددا باشقىلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى بەلگىسىنى ياسىۋالغان، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باسقان ياكى رويخەتكە ئېلىنغان تاۋار ماركىسىنى ياسىۋېلىنغان، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باسقان بەلگىسىنى ساتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

216ـماددا باشقىلارنىڭ پاتېنتىنى ئۆزىنى قىلىۋالغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

217ـماددا پايدا تېپىش مەقسىتىدە ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلاردىن قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت سوممىسى كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ سوممىسى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1)ئاپتورلۇق ھوقۇقى ئىگىدارىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ يازما ئەسىرى، مۇزىكا، كىنو، تېلېۋىزىيە، ئۈن-سىن ئەسىرى، كومپيۇتېر يۇمشاق ماتېرىيالى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى كۆپەيتىپ تارقىتىش؛

(2)نەشر ھوقۇقى باشقىلارغا خاس كىتابلارنى نەشر قىلىش؛

(3)ئۈن-سىن ھاسىلاتى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇلار ئىشلىگەن ئۈن-سىن ھاسىلاتىنى كۆپەيتىپ تارقىتىش؛

(4)باشقىلارنىڭ نامى ئىشلىتىۋېلىنغان گۈزەل سەنئەت ئەسىرىنى ئىشلەش، سېتىش.

218ـماددا پايدا تېپىش مەقسىتىدە، مۇشۇ قانۇننىڭ 217ـماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىنغان كۆپەيتىلمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ساتقانلاردىن قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەكك سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

219ـماددا سودا مەخپىيەتلىكگە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان تۆۋەندىكى قىلمىشلارنى بىرىنى سادىر قىلىپ سودا مەخپىيىتى ھوقۇقى ئىگىسىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق

جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچيىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1)هوقۇق ئىگىسىنىڭ سودا مەخپىيىتىنى ئوغرىلاش، ئازدۇرۇش، تەھدىت سېلىش ۋاستىسى ياكى باشقا ناتوغرا ۋاستىلەر بىلەن قولغا چۈشۈرۈش؛

(2)هوقۇق ئىگىسىنى ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن ۋاستىلەر ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈۋېلىنغان سودا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاش، ئىشلىتىش ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىش؛

(3)پۈتۈمگە خىلاپلىق قىلىپ ياكى ئىگىسىنىڭ سودا مەخپىيىتىنى ساقلاشقا دائىر تەلەپلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، سودا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاش، ئىشلىتىش ياكى باشقىلارنى ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىش.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ ياكى بىلىشكە تېگىشلىك تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ سودا مەخپىيىتىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان، ئىشلەتكەن ياكى ئاشكارىلىغانلار سودا مەخپىيىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

مۇشۇ ماددىدا ئېيتىلغان سودا مەخپىيتى جامائەتكە بىلدۈرمەيدىغان، هوقۇق ئىگىسىگە ئىقتىسادىي مەنپەئەت بېرىدىغان، ئەسقاتىدىغان ھەمدە هوقۇق ئىگىسى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغان تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ۋە تىجارەت ئۇچۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇشۇ ماددىدا ئېيتىلغان هوقۇق ئىگىسى سودا مەخپىيىتىنىڭ ئىگىدارى ۋە سودا مەخپىيتى ئىگىدارىنىڭ ئىجازىتى بىلەن سودا مەخپىيىتىدىن پايدىلانغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

-220ماددا ئورۇنلاردىن مۇشۇ پاراگرافتىكى 213-ماددىدىن-219 ماددىغىچە بولغان ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ جاۋابكار بىۋاستە مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا مۇشۇ پاراگرافتىكى ماددىلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

سەككىزىنچى پاراگراف بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى

-221ماددا يالغان پاكىتنى ئويدۇرۇپ ھەم تارقىتىپ، باشقىلارنىڭ سودا ئىناۋىتىگە، تاۋار داڭقىغا زىيان يەتكۈزگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ياكى باشقىلارنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-222ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، تاۋار ياكى مۇلازىمەت ھەققىدە ئېلاندىن پايدىلىنىپ ساختا تەشۋىقات ئېلىپ بارغان ئېلان ئىگىلىرى، ئېلان تىجارەتچىلىرى، ئېلان چىقارغۇچىلاردىن قىلمىشى ئېغىرلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-223ماددا خېرىدارلىققا چىققۇچىلار باھا ئۈستىدە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، خېرىدار چاقىرغۇچىلار ياكى باشقا خېرىدارلىققا چىققۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرىدىن قىلمىشى ئېغىرلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

خېرىدارلىققا چىققۇچىلار بىلەن خېرىدار چاقىرغۇچىلاردىن خېرىدار چىقىش ئۈستىدە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-224ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرىنى سادىر قىلىپ، قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشنى كۆزلەپ، توختام تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش جەريانىدا، قارشى تەرەپنىڭ پۇل-مېلىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى

بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)يوق ئورۇننىڭ ياكى باشقىلارنىڭ نامىدا توختام تۈزگەن بولسا؛

(2)ياسىۋالغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغان، بىكار قىلىنغان چەك-ھۆججەت ياكى باشقا يالغان مۈلۈك ھوقۇقى ئىسپاتى بىلەن كېپىللىك قىلغان بولسا؛

(3)ئەمەلىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى يوق تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئاز سومملىق توختامنى ئىجرا قىلىش ياكى توختامنى قىسمەن ئىجرا قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى توختامنى داۋاملىق تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشقا ئازدۇرغان بولسا؛

(4)قارشى تەرەپ بەرگەن مال، مال پۇلى ۋە ئاۋانس پۇلنى ئالغاندىن ياكى مال-مۈلۈككە كېپىل بولغاندىن كېيىن قېچىپ يۈرسە؛

(5)قارشى تەرەپنىڭ پۇل-مېلىنى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالداپ ئېلىۋالسا.

225-ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قانۇنسىز تىجارەتلەرنىڭ بىرىنى قىلىپ، بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا بەشيىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردا مەخسۇس تىجارەت، مونوپول تىجارەت قىلىش بەلگىلەنگەن نەرسە ياكى ئېلىپ سېتىشتا چەك قويۇلغان باشقا نەرسە تىجارىتىنى ئىجازەتسىز قىلىش؛

(2)ئىمپورت-ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى، ئىمپورت-ئېكسپورت ماللىرىنى ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان

جايىي توغرىسىدىكى ئىسپات ۋە قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا تىجارەت ئىجازەتنامىسى ياكى تەستىق ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ سېتىش؛

(3)بازار تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرىدىغان باشقا قانۇنسىز تىجارەتلەر.

ـ226ماددا تاۋارلارنى زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ۋاستىلىرى بىلەن زورلاپ ئېلىپ ساتقان، باشقىلارنى مۇلازىمەت قىلىشقا ياكى مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ227ماددا ماشىنا-پويىز بېلىتى، كېمە-پاراخوت بېلىتى، پوچتا ماركىسى ياكى باشقا باھالىق بېلەتلەرنى ياسىۋالغان ياكى شۇنداق يالغان بېلەتلەرنى ھايىنىغا ساتقانلاردىنسوممىسى ك،پرەك بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن ت،ۋەن مۇددەتلىك قاماق ـازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەملۆەككە سېلىش ـازاسى ياكى رېـىم ـازاسى بېرىلىدۇ، بېلەت باھاسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن ت،ۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم ـەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى ك،پ بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن ت،ۋەن مۇددەتلىك قاماق ـ[زاسى بېرىلىدۇ، بېلەت باھاسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ماشىنا-پويىز بېلىتى، كېمە-پاراخوت بېلىتىنى ھايىنىغا ساتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىزاسى بېرىلىدۇ، ساتقان بېلەت باھاسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ228ماددا پايدا تېپىش مەقسىتىدە، يەر باشقۇرۇش قانۇن-نىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇنسىز ئۆتكۈنۈپ بەرگەن ۋە ھايىنىغا ساتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇنسىز ئۆتكۈنۈپ بېرىش، ھايىنىغا سېتىش سوممىسىنىڭ بەش

پىرسەنتىدىن يۇقىرى، 20 پىرسەنتىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە يەر ئىشلىتىش هوقۇقىنى قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىش، هايىنىغا سېتىش سوممىسىنى بەش پىرسەنتىدىن يۇقىرى، 20 پىرسەنتىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

229-ماددا مۈلۈك باهالاش، مەبلەغ، تەكشۈرۈش، ئىسپات تەكشۈرۈش، بوغالتىرلىق، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، ئىسپات تەكشۈرۈش، بوغالتىرلىق، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، قانۇن مۇلازىمىتى قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان ۋاستىچى تەشكىلاتلاردىكى قەستەن يالغان ئىسپات-هۆججەت بەرگەن خادىملاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن خادىملار باشقىلاردىن پۇل-مال تەلەپ قىلىپ ياكى پۇل-مالنى قانۇنسىز ئېلىپ، ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزسە، بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

1-تارماقتا بەلگىلەنگەن خادىملاردىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، بەرگەن ئىسپات-هۆججەتلىرى پاكىتتىن تولىمۇ يىراق بولۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلى قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

230-ماددا ئىمپورت-ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تاۋارلارنى تەكشۈرۈشتىن قاچۇرۇپ، تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى شەرت بولغان ئىمپورت تاۋارلىرىنى مەلۇم قىلىپ تەكشۈرتمەيلا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ساتقانلار، ئىشلەتكەنلەر ياكى تاۋار تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى شەرت بولغان ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ لاياقىتىنى مەلۇم قىلىپ تەكشۈرتمەيلا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېكسپورت قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك ماقاق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ،

قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

231ـ ماددا ئورۇنلاردىن مۇشۇ پاراگرافتىكى 221ـ ماددىدىن 230ـ ماددىغىچە بولغان ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا مۇشۇ پاراگرافتىكى ماددىلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

تۆتىنچى باب پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى

232ـ ماددا قەستەن قاتىللىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكتەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

233ـ ماددا سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

234ـ ماددا باشقىلارنىڭ تېنىنى قەستەن زەخمىلەندۈرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ، باشقىلارنى ئېغىر زەخمىلەندۈرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا ياكى پەۋقۇلئاددە ۋەھشىي ۋاستىلەر بىلەن باشقىلارنى ئېغىر زەخمىلەندۈرۈپ ئېغىر مېيىپ قىلىۋەتكەنلەرگە ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

235ـ ماددا باشقىلارنى سەۋەنلىك بىلەن يارىلاندۇرۇپ، ئېغىر زەخمىلەندۈرۈپ قويغانلارغا ئۈچ يىلدىن

تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىنايى جازاسى بېرىلىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

236-ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ۋاستىسى ياكى باشقا ۋاستىلەر بىلەن ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

14ياشقا توشمىغان نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگكەنلەرگە باسقۇنچىلىق قىلغانلار قاتاردا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلغان، نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگكەنلەردىن تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلىرىگە ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جىنايى جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ:

(1)ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تېگىش قىلمىشلىرى قەبىھ بولغانلار؛

(2)كۆپ ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغان ۋە كۆپ نارەسىدە قىزنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگكەنلەر؛

(3)جامائەت سورۇنلىرىدا ئاياللارغا ئاشكارىدىن-ئاشكارە باسقۇنچىلىق قىلغانلار؛

(4)ئىككىدىن ئارتۇق كىشى نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغانلار؛

(5)زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغانلار.

237-ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى ۋە باشقا ئۇسۇلار بىلەن ئاياللارنى زورلاپ، ئۇلارغا پەسكەشلىك قىلغان ياكى ھاقارەت قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى توپلىشىپ ياكى جامائەت سورۇنلىرىدا ئاشكارىدىن-ئاشكارا ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىنايى جازاسى بېرىلىدۇ.

باللارغا پەسكەشلىك قىلغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-238ماددا باشقىلارنى قانۇنسىز سولاپ قويغان ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇرۇش-ھاقارەتلەش قىلمىشى بولغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئادەمنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ. زورلۇق ئىشلىتىپ ئادەمنىڭ زەخىملىنىشى، مېيىپ بولۇشى ۋە ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 234-، -232ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە باشقىلارنى قانۇنسىز تۇتۇۋالغان ۋە سولاپ قويغانلارغا ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئالدىنقى ئۈچ تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئالدىنقى ئۈچ تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-239ماددا پۇل-مالنى قاقتى-سوقتى قىلىش مەقسىتىدە باشقىلارنى زورلۇق بىلەن تۇتۇپ كەتكەنلەرگە ياكى تۇتۇپ كېتىپ تۇتقۇن قىلىۋالغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ تۇتۇپ كېتىلگۈچىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ياكى تۇتۇپ كېتىلگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

پۇل-مالنى قاقتى-سوقتى قىلىش مەقسىتىدە بۇۋاق ۋە گۆدەك بالىلارنى ئوغرىلىغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-240ماددا ئاياللار، بالىلارنى ئالداپ ساتقانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرىنى

سادىر قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)ئاياللار، باللارنى ئالداپ سېتىش گۇرۇھىدىكى باش ئۇنسۇرلار؛

(2)ئۈچتىن ئارتۇق ئايال ۋە بالىنى ئالداپ ساتقانلار؛

(3)ئالداپ سېتىۋېتىلىدىغان ئايالنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەنلەر؛

(4)ئالداپ سېتىۋېتىلىدىغان ئايالنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا ئازدۇرغان ۋە زورلىغانلار ياكى ئالداپ سېتىۋېتىلىدىغان ئايالنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىش يولى بىلەن ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇرلىغانلار؛

(5)سېتىش مەقسىتىدە، زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ياكى ھوشسىزلاندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئاياللار ۋە باللارنى تۇتۇپ كەتكەنلەر؛

(6)سېتىش مەقسىتىدە، بۇۋاق ۋە گۆدەك باللارنى ئوغرىلىغانلار؛

(7)ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئاياللار، باللار ياكى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغانلار؛

(8)ئاياللار ۋە باللارنى چېگرا سىرتىغا سېتىۋەتكەنلەر.

ئاياللار ۋە باللارنى ئالداپ سېتىش ـ سېتىۋېتىش مەقسىتىدە، ئاياللار ۋە باللارنى ئالداش، تۇتۇپ كېتىش، سېتىۋېلىش، سېتىش، تاپشۇرۇۋېلىش، ئەۋەتىپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش قىلمىشلىرىنىڭ بىرەرسىنى سادىر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ـ241ماددا ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئاياللار ۋە باللارنى سېتىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىنزاسى بېرىلىدۇ.

ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئاياللارنى سېتىۋېلىپ، زورلۇق ئىشلىتىپ ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلەر مۇشۇ قانۇننىڭ 236 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئاياللار ۋە بالىلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەپ قويغانلار ياكى ئۇلارنى زەخىملەندۈرۈش، ھاقارەتلەش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا مۇشۇ قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئاياللار ۋە بالىلارنى سېتىۋالغان 2-، 3-تارماقتا بەلگىلەنگەن جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش ھەققىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئاياللار ۋە بالىلارنى سېتىۋېلىپ، باشقىلارغا ساتقانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 240-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ئالداپ سېتىۋېتىلگەن ئايال ۋە بالىنى سېتىۋېلىپ، سېتىۋېلىنغان ئايالنىڭ ئەسلى تۇرۇشلۇق جايىغا قايتىپ كېتىش ئارزۇسىغا توسقۇنلۇق قىلمىغانلار، سېتىۋېلىنغان بالىنى خارلىمىغان، قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا توسقۇنلۇق قىلمىغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمىسا بولىدۇ.

242-ماددا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ سېتىۋېلىنغان ئاياللار، بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىغا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 277-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ سېتىۋېلىنغان ئاياللار، بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىغا ئادەم توپلاپ توسقۇنلۇق قىلغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا قاتناشقۇچىلاردىن زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

243-ماددا باشقىلارنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتقۇزۇش غەرىزىدە، پاكىت ئويدۇرۇپ، ئۇلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا

قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

قەستەن قارا چاپلىمىغان، ئەمما خاتا شىكايەت قىلىپ قويغانلارغا ياكى پاش قىلغانلىرى پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەي قالغانلارغا ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى بەلگىلىمە تەتبىقلانمايدۇ.

-244ماددا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك باشقۇرۇش قانۇن-نىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش يولى بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشى ئېغىر بولغان بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-245ماددا باشقىلارنىڭ يېنىنى، تۇرار جايىنى قانۇنسىز ئاختۇرغانلارغا ياكى باشقىلارنىڭ تۇرار جايىغا قانۇنسىز بېسىپ كىرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئەدلىيە خادىملىرىدىن خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-246ماددا زورلۇق ئىشلىتىش ئۇسۇلى ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن باشقىلارنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ھاقارەتلىگەن ياكى پاكىت ئويدۇرۇپ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇمقىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەت ئۈستىدە دەۋا قىلىنغانلىرىلا سورىلىدۇ، لېكىن جەمئىيەت تەرتىپىگە ۋە دۆلەت مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

-247ماددا ئەدلىيە خادىملىرىدىن جىنايەت گۇماندارى، جىنايەتچىنى قىيناپ سوراق قىلىپ ئىقرار قىلدۇرغانلىرى ياكى زورلۇق ئىشلىتىپ، گۇۋاھچىلاردىن گۇۋاھلىق ئالغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن

مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. ئادەمنىڭ زەخىملىنىشى، مېيىپ بولۇشى ۋە ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 234-، 232-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-248ماددا تۈرمە، توختىتىپ قويۇش ئورنى ۋە قاماقخانا قاتارلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى ئورگانلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى خادىملىرىدىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغۇچىلارنى ئۇرغان ياكى تەن جازاسى بېرىپ خورلىغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ. ئادەمنىڭ زەخىملىنىشى، مېيىپ بولۇشى ۋە ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 234-، 232-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچ جىنايەت بېكىتىپ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى خادىملاردىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغۇچىلارنى باشقا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلغۇچىلارنى ئۇرۇپ ياكى تەن جازاسى بېرىپ خارلاشقا كۈشكۈرتكەنلىرىگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-249ماددا مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەك سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىش جىنزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-250ماددا نەشر بۇيۇملىرىغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارنى بېسىپ چىقارغانلاردىن قىلمىشى قەبىھ، ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان بىۋاستە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىنزاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

-251ماددا قانۇنسىز يوللار بىلەن پۇقرالارنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلغان دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-252ماددا باشقىلارنىڭ خەت-چەكلىرىنى تىقۋېلىپ، يىرتىپ تاشلاپ ياكى قانۇنسىز ئېچىپ، پۇقرالارنىڭ خەت-ئالاقەت ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بىر يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-253ماددا پوچتا خادىملىرىدىن پوچتا يوللانمىلىرىنى ۋە تېلېگراممىلارنى ئۆز مەيلىچە ئاچقان ياكى تىقۋالغان، يىرتىپ تاشلىۋەتكەنلىرىگە ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىنزاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ، پۇل-مال ئوغرىلىغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 264-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-254ماددا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملاردىن خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت نامىنى سېتىپ، شىكايەت قىلغۇچىلار، ئەرز قىلغۇچىلار، تەنقىد قىلغۇچىلار ۋە پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلغانلىرىغا ئىككى يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىنزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ.

-255ماددا مەسئۇلىيتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، بوغالتىرلىق قانۇنى، ستاتىستىكا قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلىگەن بوغالتىر، ستاتىستىكا خادىملىرىدىن زەربە بېرىپ ئۆچ ئالغان شىركەت، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئورگان ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىدىن قىلمىشى قەبىھ بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-256ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ

رەھبەرلىرىنى سايلىغان چاغدا، زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش، سايلام ھۆججەتلىرىنى ياسىۋېلىش، سايلام ئاۋاز سانىنى يالغان مەلۇم قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ياكى سايلىغۇچىلارنىڭ ھەم ۋەكىللەرنىڭ سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى ئەركىن يۈرگۈزۈشىگە دەخلى يەتكۈزگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-257ماددا باشقىلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە زورلۇق بىلەن ئارىلاشقانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ.

تارماقتىكى جىنايەت ئەرز قىلىنغاندىلا سورىلىدۇ.1-

-258ماددا جورىسى بار تۇرۇپ قوش نىكاھلانغانلارغا ياكى باشقىلارنىڭ جورىسى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-259ماددا ھەربىينىڭ جورىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيگە كىرىۋالغان ياكى توي قىلىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

خىزمەت ھوقۇقىدىن، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، تەھدىت سېلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، رەسمىي ھەربىينىڭ خوتۇنىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگكەنلەرگە مۇشۇ قانۇننىڭ 236-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-260ماددا ئائىلىسىدىكىلەرنى خارلىغانلاردىن قىلمىشى قەبىھ بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىزاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ.

-1تارماقتىكى جىنايەت ئەرز قىلىنغاندىلا سورىلىدۇ.

-261ماددا ياشانغانلارنى، گۆدەك باللارنى، كېسەللەرنى ياكى مۇستەقىل تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئىقتىدارى بولمىغان باشقا كىشىلەرنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار تۇرۇپ، باقمىغانلاردىن قىلمىشى قەبىھ بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

-262ماددا 14 ياشقا توشمىغان باللارنى ئائىلىدىسىن ئالداپ ياكى ۋەسىيسىدىن ئايرىۋەتكەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ

بەشىنچى باب مال-مۈلۈككە دەخلى-تەرۇز قىلىش جىنايىتى

-263ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى بۇلىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)ئۆيگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغانلار؛

(2)ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىدە بۇلاڭچىلىق قىلغانلار؛

(3)بانكا ياكى باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىنى بۇلىغانلار؛

(4)كۆپ قېتىم بۇلاڭچىلىق قىلغان ياكى بۇلاڭچىلىق سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلار؛

(5)بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەمنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار؛

(6)ھەربىيى ۋە ساقچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلغانلار؛

(7)قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلغانلار؛

(8)ھەربىي ئەشيالارنى ياكى خەۋپتىن، ئاپەتتىن، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئەشيالىرىنى بولىغانلار.

-264ماددا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى كۆپرەك ياكى كۆپ قېتىم ئوغرىلىغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىن ئوغرىلىغان سوممىسى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلار؛

(2)قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىتىنى ئوغرىلاش قىلمىشى ئېغىر بولغانلار.

-265ماددا پايدا تېپىش مەقسىتىدە، باشقىلارنىڭ خەۋەرلىشىش لىنىيىسىنى ئوغرىلىقچە ئۇلىۋالغان، تېلېگراف نومۇرىنى تەقلىد قىلىپ ياسىۋالغانلار ياكى ئوغرىلىقچە ئۇلىۋالغان، تەقلىد قىلىپ ياسىۋالغان تېلېگراف ئۈسكۈنە، ئەسلىھەسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشلەتكەنلەرگە مۇشۇ قانۇننىڭ -264ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-266ماددا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قولىيۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى ككپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق

جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

-267ماددا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى تارتىۋالغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

قاتىللىق قورالى ئېلىپ يۈرۈپ تارتىۋالغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 263-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-268ماددا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئادەم توپلاپ بۇلاپ كەتكەنلەردىن مىقدارى كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغان باش ئۇنسۇرلارغا ۋە ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-269ماددا ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، تارتىۋېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەردىن هارام مالنى يوشۇرۇش، تۇتۇۋشقا قارشىلىق كۆرسىتىش ياكى جىنايەت پاكىتلىرىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن نەق مەيداندا زورلۇق ئىشلەتكەن ياكى زورلۇق بىلەن تەھدىت سالغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 263-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە

بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-270ماددا ساقلاپ بېرىشقا تاپشۇرۇلغان پۇل-مالنى قانۇنسىز ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغان ۋە قايتۇرۇشنى رەت قىلغانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئۇنتۇپ قالغان ياكى كۆمۈپ قويغان نەرسىسىنى قانۇنسىز ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغان ۋە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

بۇ ماددىدىكى جىنايەت ئەرز قىلىنغاندىلا سورىلىدۇ.

-271ماددا شىركەت، كارخانا ياكى باشقا ئورۇنلاردىكى خادىملاردىن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئورۇنىنىڭ پۇل-ماللىرىنى قانۇنسىز ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىرىدىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسا بولىدۇ.

دۆلەت شىركىتى، كارخانىسى ياكى باشقا دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ۋە دۆلەت شىركىتى، كارخانىسى ياكى باشقا دۆلەت ئورنى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان شىركەت، كارخانا ۋە باشقا ئورۇنلارغا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتكەن خادىملاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 382-، 383- ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-272ماددا شىركەت، كارخانا ياكى باشقا ئورۇنلاردىكى خادىملاردىن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئورۇنىنىڭ مەبلىغىنى ئۆزىنى ئىشلىتىۋالغان ياكى باشقىلارغا قەرز

بەرگەنلەردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرى، ئۈچ ئايدىن ئاشقىچە قايتۇرمىغانلىرىغا ياكى ئۈچ ئايدىن ئاشمىغان بولسىمۇ، مىقدارى كۆپرەك بولغان، پايدا تېپىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ياكى قانۇنسىز ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئۆزى ئورۇننىڭ ناھايىتى كۆپ مەبلىغىنى ئىشلىتىۋالغانلار ياكى كۆپرەك مەبلىغىنى ئىشلىتىۋېلىپ قايتۇرمىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دۆلەت شىركىتى، كارخانىسى ياكى باشقا دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتچىلەر ۋە دۆلەت شىركىتى، كارخانىسى ياكى باشقا دۆلەت ئورۇنلىرى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان شىركەت، كارخانا ۋە باشقا ئورۇنلارغا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتكەن خادىملاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 384-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

273-ماددا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەپىقە بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، ئاھالىنى كۆچۈرۈشكە ۋە قۇتقۇزۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل ۋە ئەشيانى ئىشلىتىۋېلىش قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلاردىن بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

274-ماددا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى قاقتى-سوقتى قىلغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىنايىسى بېرىلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

275-ماددا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى قەستەن ۋەيران قىلغانلاردىن مىقدارى

كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۈتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-276ماددا ئۆز ئېلىپ ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش زىغىرىزى ياكى باشقا شەخسىي غەرەز بىلەن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى ۋەيران قىلغان، تېرىلغۇ ئۈلاغلىرىنى ناكار قىلغان ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۈتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالتىنچى باب جەمئىيەت باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

بىرىنچى پاراگراف جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جىنايىتى

-277ماددا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئۆتۈتۈشىگە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۈتۈپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئۆتۈتۈشىگە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلىنە توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.
تەبىئىي ئاپەت ۋە تۇيۇقسىز ۋەقەدە، قىزىل كرېست جەمئىيىتىدىكى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارغا

1ـتارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئۆتۈشىگە قەستەن توسقۇنلۇق قىلغان، زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇللىرىنى قوللانمىغان بولسىمۇ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا 1ـتارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

278ـماددا ئاممىنى دۆلەتنىڭ قانۇن، مەمۇرىي نىزاملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا زورلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە قۇتراتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جفزاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

279ـماددا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئالدامچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

خەلق ساقچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئالدامچىلىق قىلغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

280ـماددا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىسى، گۇۋاھنامىسى ۋە تامغىسىنى ياسىۋالغانلار، ئۆزگەرتىۋالغانلار، ئېلىپ ساتقانلارغا ياكى ئوغرىلىغانلار، تارتىۋالغانلارغا، يوق قىلىۋەتكەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، تېجىم جفزاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى بېرىلىدۇ.

شىركەت، كارخانا، كەسپىي ئورۇن، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ تامغىسىنى ياسىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن

تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئاھالىلەرنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ياسىۋالغانلار، ئۆزگەرتىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جىزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ281ماددا خەلق ساقچىلىرىنى ڧورمىسى، ئاپتوموبىل نومۇر تاختىسى قاتارلىق خاس بەلگىلىرىنى، سايمانلىرىنى قانۇنسىز ئىشلىگەن ۋە ئېلىپ ساتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ282ماددا ئوغرىلاش، تىڭ-تىڭلاش، ۋېتېۋېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىگە قانۇنسىز ئېرىشىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جىزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دۆلەتنىڭ قەتئىي مەخپىي ۋە مۇھىم مەخپىي ھۆججەت، ماتېرىياللىرىنى ياكى باشقا بۇيۇملىرىنى ئىلكىدە قانۇنسىز ساقلاپ، كېلىش مەنبەسىنى ۋە ئىشلىتىدىغان ئورنىنى دەپ بەرمىگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ283ماددا مەخپىي تىڭشاش، ئوغرىلىقچە سۈرەت تارتىش ئەسۋابى قاتارلىق جاسۇسلۇق ئەسۋابلىرىنى

قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

-284ماددا مەخپىي تىڭشاش، ئوغرىلىقچە سۈرەت تارتىش ئەسۋابلىرىنى قانۇنسىز ئىشلىتىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

-285ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرى، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئۈتكۈر پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىغا ئۇسۇپ كىرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىغزاسى بېرىلىدۇ.

-286ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسگە خىلاپلىق قىلىپ، كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى چىقىرىۋېتىش، ئۆزگەرتىۋېتىش، كۆپەيتىۋېتىش ۋە ئۇنىڭغا كاشىلا سېلىش يولى بىلەن كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنى نورمال ئىشلىمەيدىغان قىلىپ قويغۇچىلاردىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسگە خىلاپلىق قىلىپ، كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىدا ساقلانغان، بىر تەرەپ قىلىنغان ۋە يەتكۈزۈلگەن سانلىق مەلۇماتلار ۋە ئەمەلىي پروگراممىلارنى چىقىرىۋېتىش، ئۆزگەرتىۋېتىش ۋە كۆپەيتىۋېتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغانلاردىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

كومپيۇتېر ۋىرۇسى قاتارلىق ۋەيران قىلىش خىراكتېرلىك پروگراممىلارنى قەستەن تۈزۈپ ۋە تارقىتىپ، كومپيۇتېر سىستېمىسىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە تەسىر يەتكۈزگەنلەردىن يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا1- تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-287ماددا كومپيۇتېردىن پايدىلىنىپ پۇل مۇئامىلە ئالدامچىلىقى، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئوغرىلاش،

خىيانەت قىلىش، ئىشلىتىۋېلىش، دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىنى ئوغرىلاش جىنايىتى ياكى باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلەرگە مۇشۇ قانۇندىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-288ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، رادىئو ئىستانسىسى (ئۇزىلى)نى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قۇرغان، ئىشلەتكەن ياكى چاستوتىسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىگىلىۋالغانلاردىن ئىشلىتىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىن ئىشلىتىشنى توختاتماي، نورمال رادىئو ئالاقىسىگە كاشىلا قىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-289ماددا توپلىشىپ «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش» بىلەن شۇغۇللىنىپ ئادەمنىڭ زەخىملىنىشى، مېيىپ بولۇشى، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 234-، 232-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جزا بېرىلىدۇ. جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-مېلىنى ۋەيران قىلغان ياكى بۇلىغانلىرى قايتۇرۇش، تۆلەشكە بۇيرۇلغاندىن سىرت، باش ئۇنسۇرلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 263-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-290ماددا توپلىشىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ، ئېغىر زىيان پەيدا قىلغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەنمۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

توپلىشىپ دۆلەت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئاقسىتىپ، ئېغىر زىيان

پەيدا قىلغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا بەشيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ291ماددا توپلىشىپ ۋوگزال، بېكەت، پرىستان، پۇقرالار ئاۋىئا ئىستانسىسى، سودا سارىيى، باغچا، كىنوخانا، تىياتىرخانا، كۆرگەزمىخانىغا، تەنھەرىكەت مەيدانى ياكى باشقا جامائەت سورۇنلىرىنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، توپلىشىپ قاتناش يولىنى توسۇپ ياكى قاتناش تەرتىپىنى بۇزۇپ، ئامانلىق باشقۇرغۇچى دۆلەت خادىملىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئۆتۈشگە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە توسقۇنلۇق قىلىش قىلمىشى ئېغىر بولغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ292ماددا توپلىشىپ ئۇرۇشقانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا ۋە باشقا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا ۋە باشقا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ:

(1)كۆپ قېتىم توپلىشىپ ئۇرۇشقانلار؛

(2)توپلىشىپ ئۇرۇشقانلار سانى كۆپ، كۆلىمى چوڭ، جەمئىيەتتە تەسىرى يامان بولغانلار؛

(3)جامائەت سورۇنلىرىدا ياكى مۇھىم قاتناش يوللىرىدا توپلىشىپ ئۇرۇشۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرغانلار؛

(4)تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ توپلىشىپ ئۇرۇشقانلار.

توپلىشىپ ئۇرۇشۇپ ئادەمنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 234ـ،ـ232 ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ293ماددا ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىپ تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىپ،

جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ:

(1)باشقىلارنى خالىغانچە ئۇرغانلاردىن قىلمىشى قەبىھ بولغانلار؛

(2)باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان، ئالدىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ھاقارەتلەپ تىللىغانلاردىن قىلمىشى قەبىھ بولغانلار؛

(3)جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغان ياكى خالىغانچە ۋەيران قىلغان، ئىگىلىۋالغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلار؛

(4)جامائەت سورۇنىدا غوۋغا كۆتۈرۈپ، جېدەل چىقارغانلاردىن جامائەت سورۇنىنىڭ تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرغانلار.

-294ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن تەشكىللىك ھالدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپكە زومىگەر بولۇۋېلىپ، تۈرلۈك ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، ئاممىنى بوزەك قىلىپ ۋە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىدىغان، قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغانلارغا ۋە ئاكتىپ قاتناشقانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

چېگرا سىرتىدىكى قارا جەمئىيەت تەشكىلاتى ئادەملىرىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىگە كىرىپ، تەشكىلاتىغا ئەزا قوبۇل قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەننىڭ ئۈستىگە باشقا جىنايى قىلمىشلارنىمۇ سادىر قىلغانلارغا بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاش ھەققىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىدىن قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلاتنى قانات ئاستىغا ئالغان ياكى قارا جەمئىيەت تۈسىدىكى تەشكىلاتنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش جىنايى ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇدەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى سىياسي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-295ماددا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكۈچىلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا مۇددەتسىز قاماق جىفزاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

-296ماددا يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش، كۈچ كۆرسىتىشتە قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىلتىماس قىلماي ياكى ئىلتىماسىغا رۇخسەت ئالماي ۋە ياكى مەسئۇل ئورگان رۇخسەت قىلغان باشلاش-توختىتىش ۋاقتى، ئورنى ۋە لىنىيىسىگە ئەمەل قىلماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارقىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغانلاردىن يىغىلىشقا، نامايىشقا، كۈچ كۆرسىتىشكە مەسئۇل بولغانلىرىغا ۋە بىۋاستە جاۋابكارلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جىفزاسى ياكى سىياسي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-297ماددا قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يىغىلىشقا، نامايىشقا، كۈچ كۆرسىتىشكە قورال-ياراغ ۋە باشقۇرۇلىدىغان تىغلىق سايمان ياكى پارتلاتقۇچ ئېلىپ قاتناشقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جىفزاسى ياكى سىياسي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-298ماددا قانۇن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىش، نامايىش، كۈچ كۆرسىتىشكە كاشىلا قىلىش، ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلارغا

بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلى قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى، رېجىم جىزاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-299ماددا جامائەت سورۇنلىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېربىنى قەستەن كۆيدۈرۈۋېتىش، بۇزۇش، جىجىش، بۇلغاش، دەسسەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ھاقارەتلىگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-300ماددا خۇيداۋمىن تەشكىلاتى ۋە بىدئەتچى دىنىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ياكى خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

خۇيداۋمىن تەشكىلاتى ۋە بىدئەتچى دىنىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ياكى خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنى ئالداپ، ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

خۇيداۋمىن تەشكىلاتى بىدئەتچى دىنىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگكەن، پۇل-مالنى ئالداپ ئېلىۋالغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 236-، 266-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بىكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-301ماددا توپلىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا ياكى بۇزۇقچىلىققا كۆپ قېتىم قاتناشقانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئازدۇرۇپ توپلىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلىشقا قاتناشتۇرغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-302ماددا جەسەتنى ئوغرىلىغان ۋە ھاقارەتلىگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ.
-303ماددا پايدا ئېلىش مەقسىتىدە توپلىشىپ قىمار ئوينىغان، قىمارخانا ئاچقان ياكى قىمارنى كەسىپ قىلىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جىنزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.
-304ماددا پوچتا خادىملىرىدىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەگكۈزۈشنى قەستەن كېچىكتۈرۈپ جامائەت مال-مۈلكىنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسىياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى پاراگراف ئەدلىيە ئىشلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

-305ماددا جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا گۇۋاھچى، باھالىغۇچى، خاتىرىلىگۈچى ۋە تەرجىمانلاردىن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ياكى جىنايەت پاكىتلىرىنى يوشۇرۇش غەرىزىدە دېلو بىلەن مۇھىم ئالاقىسى بولغان ئەھۋاللاردا قەستەن يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن، باھالىغان، خاتىرە يازغان ۋە تەرجىمە قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىنزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.
-306ماددا جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا، ئاقلىغۇچى ۋە دەۋا ۋاكالەتچىلىرىدىن دەلىل-ئىسپاتلارنى يوقىتىۋەتكەن، ئويدۇرۇپ چىقارغان، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەلىلى-ئىسپاتلارنى يوقىتىۋېتىشى، ئويدۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەن، تەھدىت سېلىش، ئازدۇرۇش يولى بىلەن گۇۋاھچىلارغا پاكىتقا زىت ھالدا گۇۋاھلىق سۆزىنى ئۆزگەرتكۈزگەن ياكى يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىرىگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن

مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئاقلىغۇچى ۋە دەۋا ۋەكالەتچىلىرى بەرگەن، كۆرسەتكەن ۋە نەقىل كەلتۈرگەن گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ياكى باشقا دەلىل-ئىسپاتلار قەستەن ئۆيدۇرۇپ چىقىلغان بولماستىن، پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا دەلىل-ئىسپات ئۆيدۇرۇپ چىقىش ھېسابلانمايدۇ.

307-ماددا زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، پارا بېرىپ سېتىۋېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلغان ياكى باشقىلارنى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە كۈشكۈرتكەنلەرگە ئۈچ يىلدىنتۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەلىل-ئىسپاتلارنى يوقىتىۋېتىشى، ئۆيدۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئەدلىيە خادىملىرىدىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى سادىر قىلغانلىرىغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

308-ماددا گۇۋاھچىلارغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئالغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

309-ماددا سوتخانىدا توپلىشىپ غوۋغا كۆتۈرۈپ، سوتخانىغا ھۇقۇم قىلىپ ياكى ئەدلىيە خادىملىرىنى ئۇرۇپ، سوتخانا تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-310ماددا بىراۋنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يوشۇرۇنىدىغان جاي ۋە پۇل-مال تېپىپ بېرىپ، قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بەرگەن ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ قانات ئاستىغا ئالغانلارغا ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەردىن ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىرى بىرلىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

-311ماددا باشقىلارنىڭ جاسۇسلۇق جىنايى قىلمىشى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەكشۈرگەندە، ئالاقىدار دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلىغاندا ئەھۋالنى ئېيتمىغان ۋە دەلىل-ئىسپات بەرمىگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

-312ماددا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئېرىشكەن هارام مال ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى يوشۇرغان، يۆتكىۋەتكەن، سېتىۋالغان ياكى سېتىپ بەرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلى قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-313ماددا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ هۆكۈم ۋە كېسىملىرىنى ئىجرا قىلالايدىغان تۇرۇقلۇق ئىجرا قىلمىغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-314ماددا ئەدلىيە ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ پېچەتلىگەن، تۇتۇپ قالغان، توڭلىتىۋەتكەن مال-مۈلۈكنى يوشۇرغان، يۆتكىۋەتكەن، سېتىۋەتكەن ۋە قەستەن بۇزغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ315ماددا قانۇن بويىچە قاماقتا ئېلىنغان جىنايەتچىلەردىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇ شتەرتىپىنى بۇزىدىغان تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغان ۋە قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ:

(1)نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئۇرغانلار؛

(2)نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلۇۋاتقانلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇشقا ئۇيۇشتۇرغانلار؛

(3)توپلىشىپ جېدەل چىقىرىپ، نورمال نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار؛

(4)نازارەت قىلىپ باشقۇرۇۋاتقانلارنى ئۇرغان ۋە ئۇلارغا تەن جازاسى بەرگەنلەر ياكى باشقىلارنى شۇنداق قىلىشقا كۈشكۈرتكەنلەر.

ـ316ماددا قانۇن بويىچە قاماقتا ئېلىنغان جىنايەتچىلەر، جاۋابكارلار ۋە جىنايەت گۇمانداارلىرىدىن قېچىپ كەتكەنلىرىگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

يالاپ مېڭىلغان جىنايەاتچى، جاۋابكار ۋە جىنايەت گۇماندارىنى بۇلىغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ317ماددا تۈرمىدىن قېچىشنى ئۇيۇشتۇرغان باش ئۇنسۇرلارغا ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا قاتناشقۇچىلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

توپىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈرمىدىن قاچقان ياكى تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى توپلىشىپ، تاياق-توقماق كۆتۈرۈپ بۇلىغانلاردىن باش ئۇنسۇرلارغا ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى مۇددەتسىز قامىق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، باشقا قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ .

ـ15يازما ، يېزىلغان ۋاقتى : 2005ـ5ـ13 20:48

خەت چوڭلۇقى 9pt 10pt 11pt 12pt 13pt 14pt 15pt 16pt 17pt 18pt 20pt 25pt 30pt 35pt 40pt 45pt 50pt

ئۈچىنچى پاراگراف دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)نى باشقۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

ـ318ماددا باشقىلارنى دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)باشقىلارنى دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرۇش گۇرۇھىدىكى باش ئۇنسۇرلار؛

(2)باشقىلارنى دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە كۆپ قېتىم ئۇيۇشتۇرغانلار ياكى كۆپ ئادەمنى دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرغانلار؛

(3)ئۇيۇشتۇرۇلغانلارنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى ۋە ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلار؛

(4)ئۇيۇشتۇرۇلغانلارنى جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلىگەنلەر؛

(5)تەكشۈرۈشكە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر؛

(6)قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلار؛

(7)باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىش قىلمىشى بولغانلار.

ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەردىن ئۇيۇشتۇرۇلغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، زەخىملەندۈرۈش، ئۇلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئالداپ سېتىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشى بولغانلىرىغا ياكى تەكشۈرگۈچى خادىملارنى ئۆلتۈرۈش، زەخىملەندۈرۈش قاتارلىق جىنايى قىلمىشى بولغانلىرىغا

بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ  جىنازالاشقا ئائىت بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

319ـ ماددا ئەمگەك كۈچى چىقىرىش، ئىقتىساد-سودا ئالاقىسى قىلىش نامىدا ياكى باشقا ناملاردا ساختىپەزلىك قىلىپ، پاسپورت، ۋىزا قاتارلىق چېگرىدىن چىقىش گۇۋاھنامىلىرىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، باشقىلارنى دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)دىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئىشلەتكەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

320ـ ماددا باشقىلارغا ياسىۋېلىنغان، ئۆزگەرتىلگەن پاسپورت، ۋىزا قاتارلىق چېگرىدىن چىقىش-كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى بەرگەنلەرگەن ياكى پاسپورت، ۋىزا قاتارلىق چېگرىدىن چىقىش-كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى ساتقانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى  بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

321ـ ماددا دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)دىن  ئوغرىلىقچە چىقىدىغانلارنى توشىغانلارغا بەشيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىنازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە  قويۇلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون  يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1)كۆپ قېتىم توشۇغانلار ياكى كۆپ ئادەمنى توشۇغانلار؛

(2)زۆرۈر بىخەتەرلىك شارائىتى ھازىرلانمىغان، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان كېمە-پاراخوت، ئاپتوموبىل قاتارلىق  قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىشلەتكەنلەر؛

(3)قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلار؛

(4)باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلار.

دۆلەت چېگرىسى) چېگرا)دىن ئوغرىلىقچە چىقىدىغانلارنى توشۇش جەريانىدا، توشۇلغۇچىلارنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى ۋە ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ياكى تەكشۈرۈشكە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەردىن توشۇلغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈش، زەخىملەندۈرۈش، ئۇلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئالداپ سېتىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشى بولغانلىرىغا ياكى تەكشۈرگۈچىلەرنى ئۆلتۈرۈش، زەخىملەندۈرۈش قاتارلىق جىنايى قىلمىشى بولغانلىرىغا بىرنەچچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاشقا ئائىت بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ322ماددا دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)نى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت چېگرىسى (چېگرا)دىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بىر يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ323ماددا دۆلەت چېگرىسىدىكى چېگرا تاختىسى، چېگرا قوزۇقى ياكى مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىنى قەستەن بۇزۇۋەتكەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

## تۆتىنچى پاراگراف مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇشقا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى

ـ324ماددا دۆلەت قوغداۋاتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان

مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن ئورۇنلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قەستەن بۇزغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

دۆلەت قوغداۋاتقان ئاسار ئەتىقىلەرنى قەستەن بۇزغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەشيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

دۆلەت قوغداۋاتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى، ئۆلكە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن ئورۇنلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سەۋەنلىك بىلەن بۇزۇپ قويغانلاردىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

325-ماددا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش توغرىسىدىكى قانۇن-نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، ساقلىنىۋاتقان، دۆلەت ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكالرىقلىرىنى چەت ئەللىكلەرگە ئاستىرتتىن ساتقانلار ياكى ئاستىرتتىن تەقدىم قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

326-ماددا پايدا ئېلىش مەقسىتىدە، دۆلەت تىجارەت قىلىشنى مەنئى قىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ھايىنغا ساتقانلاردىنقىلمىشى ئېغىر بولانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك

قاماق جازاسىياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىنئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ327ماددا دۆلەت ئىلكىدىكى مۇزېي، كىتۇپخانا قاتارلىق ئورۇنلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغداش توغرىسىدىكى قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت قوغداۋاتقان ساقلانما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئورۇنلاردىن باشقا ئورۇنلارغا ۋە شەخسلەرگە ساتقانىياكى ئاستىرتتىن ھەدىيە قىلغان بولسا، شۇ ئورۇنغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ328ماددا تارىخىي، بەدىئىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىلەرنى قازغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ئونيىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قوۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن ئورۇنلاردىكى قەدىمكى مەدەنىي ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قازغانلار؛

(2)قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قېزىش گۇرۇھىدىكى باش ئۇنسۇرلار؛

(3)قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىلەرنى كۆپ قېتىم ئوغرىلىقچە قازغانلار؛

(4)قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قازغان ھەمدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلىغانلار ياكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغانلار.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ۋە قەدىمكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ تاش قاتمىلىرىدىن دۆلەت قوغداۋاتقان ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىرىنى ئوغرىلىقچە قازغانلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-329ماددا دۆلەت ئىلكىدىكى ئارخىپنى تارتىۋالغان ۋە ئوغرىلىغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئارخىپ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئارخىپنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ساتقان ۋە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىلمىشى مۇشۇقانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا جىنايەتلەرگە توشىدىغانلارغا ئېغىرراق جازا كېلىدىغان بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

بەشىنچى پاراگراف جامائەت تازىلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى

-330ماددا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلاردىن ئارخىپتىكى يۇقۇملۇق

كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولغانلار ياكى تارقىلىش ئېغىر خەۋپىنى پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ:

(1)سۇ تەمىنلىگۈچى ئورۇنلاردىن تەمىنلىگەن ئىچىملىك سۈيى دۆلەت بەلگىلىگەن تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرى؛

(2)ساقلىقنى ساقلاش ـ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى ئوتتۇرىغا قويغان تازىلىق تەلىپىنى رەت قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ قوزغاتقۇچىرىلىدىن بولغانغان پاسكىنا سۇ، يۇندا ۋە گەندە ـ سۈيدۈكلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلمىغانلار؛

(3)يۇقۇملۇق كېسەلى بارلار، تېنىدە كېسەل قوزغاتقۇچىسى بولغانلار ۋە يۇقۇملۇق كېسەلى بارلىقىدىن گۇمان بار كىشىلەرنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى شۇغۇللىنىش مەنئى قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، شۇ يۇقۇملۇق كېسەللەرنى ئاسانلا تارقىتىدىغان، خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلغان ۋە يول قويغانلار؛

(4)ساقلىقنى ساقلاش ـ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغانلار.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئا تىپتىكى يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ دائىرىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى» ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە بىنائەن بېكىتىلىدۇ.

-331ماددا يۇقۇملۇق كېسەل باكتېرىيىسى ۋە ۋىرۇسنى تەجرىبە قىلغۇچى، ساقلىغۇچى، ئېلىپ يۈرگۈچى ۋە توشۇغۇچىلاردىن گوۋۇيۈەن سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەل باكتېرىيىسى ۋە ۋىرۇسىنىڭ تارقىلىتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-332ماددا دۆلەت چېگرىسىنىڭ تازىلىق كارانتىنى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، كارانتىن قىلىنىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلارغا ياكى تارقىلىش ئېغىر خەۋپىنى پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئورۇننىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-333ماددا باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ باشقىلارنى زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن قان ساتقۇچىغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشنى سادىر قىلغانلاردىن باشقىلارنى زەخىملەندۈرگەنلىرىگە مۇشۇ قانۇننىڭ 234-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-334ماددا قانۇنسىز ھالدا قان ئالغان، قان بىلەن تەمىنلىگەنلەرگە ياكى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق قان پلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىلگەنلەرگە بەش يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق

جىنازىسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزەەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازىسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

قان ئېلىشى، قان بىلەن تەمىلىشى ياكى قان پلازمىسى ياسالمىلىرىنى تەييارلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلىشى دۆلەتنىڭ مەسئۇل تارمىقى تەرىپىدىن تەستىقلانغان تارماقلار بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرمەي ياكى مەشغۇلاتقا دائىر باشقا بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغان بولسا، شۇ ئورۇنغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خىزمىتىغا ۋە باشقا بىۋاستە جىنۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-335ماددا تىببىي خادىملاردىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ياكى كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-336ماددا دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، قانۇنسىز دوختۇرلۇق قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسىياكى رىجىم جىنازىسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازىسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىنازىسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

دوختۇرلۇق سالاھىيىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تۇغۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى، يالغان تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى، ھامىلىدارلىقنى توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلغان ياكى بالىياتقۇدىكى تۇغۇت چەكلىگۈچنى ئېلىۋەتكەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇ پ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ337ماددا چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك كارانتىنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك كارانتىنىدىن قاچۇرۇپ، ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە پەيدا قىلغانلارغا ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنى بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خىزمەتچى ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ئالتىنچى پاراگراف مۇھىت ۋە بايلىقنى قوغداشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى

ـ338ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەرگە، سۇغا ۋە ئاتموسفېراغا رادىئو ئاكتىپلىق تاشلاندۇقلارنى، يۇقۇملۇق كېسەل قوزغاتقۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاشلاندۇقلارنى، زەھەرلىك ماددىلار ياكى باشقا خەتەرلىك تاشلاندۇقلارنى قويۇپ بېرىپ، تۆكۈپ ياكى بىر تەرەپ قىلىپ، مۇھىتنى

قاتتىق بولغايدىغان ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغانلاردىن جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنى مال-مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىش ياكى كىشلەرنى تالاپەتكە ئۇچرىتىشتەك ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-339ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، چېگرا سىرتىدىكى قاتتىق تاشلاندۇقلارنى چېگرىدىن كىرگۈزۈپ تۆككەنلەر، دۆۋلەپ قويغانلار ۋە بىر تەرەپ قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مۇھىت ئېغىر بۇلغىنىش ھادىسىسى پەيدا قىلىپ، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلار ياكى كىشلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ، قاتتىق تاشلاندۇقلارنى خام ئەشيا ئورنىدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىمپورت قىلىپ، مۇھىت ئېغىر بۇلغىنىش ھادىسىسى پەيدا قىلىپ، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلار ياكى كىشلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بەشيىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

خام ئەشيادىن پايدىلىنىش نامىدا، خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان قاتتىق تاشلاندۇقلارنى ئىمپورت قىلغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 155-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت

بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

-340ماددا سۇ ،مەھسۇلاتلىرى بايلىقنى قوغداش قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان رايونلاردا، مەنئى قىلىنغان مەۋسۇملەردە ياكى مەنئى قىلىنغان قورال-سايمان ۋە ئۇسۇللار بىلەن تۇتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-341ماددا دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ئەتىۋارلىق، خەۋپ ئاستىدا قالغان ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز تۇتقان ۋە ئۆلتۈرگەنلەرگە ياكى دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ئەتىۋارلىق، خەۋپ ئاستىدا قالغان ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى قانۇنسىز سېتىۋالغان،توشۇغان ۋە ساتقانلارغا بە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا 10 يىلدىنيۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئوۋچىلىق قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئو ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايوندا، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان مەۋسۇمدە ياكى ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغان قورلا-سايمان ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئوۋچىلىق قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىرا بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى، رېجىم جىزاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-342ماددا يەر باشقۇرۇش قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى تېرىلغۇدىن باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قانۇنسىز ئىگىلىۋالغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك بولغان، تېرىلغۇ يەرنى كۆپلەپ ۋەيران قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ

ئەمگەككە سېلىش جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ343ماددا قېزىلما بايلىقلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، كان ئېچىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كان ئاچقانلارغا، دۆلەت پىلانلانغان كان رايونى، خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم قىممەتكە ئىگە كان رايونى ۋە باشقىلارنىڭ كان رايونى دائىرىسىگە خالىغانچە كىرىپ كان ئاچقانلارغا، دۆلەت قوغداش خاراكتېرىدە ئېچىشنى بەلگىلىگەن ئاھالىدە كان تۈرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېچىپ، ئېچىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلغاندىن كېيىنمۇ توختاتماي، قېزىلما بايلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قېزىلما بايلىقلارنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

قېزىلما بايلىق قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، قېزىلما بايلىقنى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە ئېچىپ، ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ـ344ماددا ئورمان قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەتىۋارلىق دەل-دەرەخلەرنى قانۇنسىز كەسكەن ۋە ۋەيران قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى ياكى رېجىم جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويىلىدۇ.

ـ345ماددا ئورماننى ياكى باشقا دەل-دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كەسكەنلەردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سلېش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە

جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورمان قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئورماننى ۋە باشقا دەل-دەرەخلەرنى كەلسە-كەلمەس كەسكەنلەردىن مىقدارى كۆپرەك بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىفزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

پايدا تېپىش مەقسىتىدە، ئورمان رايونىدا ئوغرىلىقچە كېسىلگەن، كەلسە-كەلمەس كېسىلگەن دەل-دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى قانۇنسىز سېتىۋالغانلاردىن ئەھۋالى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىفزاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئورماننى ياكى باشقا دەل-دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كەسكەن ۋە كەلسە-كەلمەس كەسكەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

346-ماددا ئورۇنلاردىن مۇشۇ پاراگرافتىكى 338-ماددىدىن-345 ماددىغىچە بولغان ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا مۇشۇ پاراگرافنىڭ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

يەتتىنچى پاراگراف زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلىش، ئېلىپ-سېتىش، توشۇش ۋە ياساش جىنايىتى

347-ماددا زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغانلار، مىقدارىنىڭ قانچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىنايى جاۋابكارلىققا ۋە جىنايى جازاغا تارتىلىدۇ.

زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغانلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلىرىغا 15 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جفزاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)ئەتكەسچىلىك قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئەپيۇن 1000 گىرامدىن، خىروئىن ياكى مېتىلامفېتامىن 50 گىرامدىن كۆپ بولغانلار ياكى باشقا زەھەرلىك بۇيۇم مىقدارى كۆپ بولغانلار؛

(2)زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلىش، ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش گۇرۇھىدىكى باش ئۇنسۇرلار؛

(3)زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغۇچى، ئېلىپ ساتقۇچى، توشۇغۇچى ۋە ياسىغۇچىلارنى قوراللىق قوغدىغانلار؛

(4)تەكشۈرۈشكە، توختىتىپ قويۇشقا ۋە قولغا ئېلىشقا زورلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلار؛

(5)تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان خەلقئارا زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكىگە قاتناشقانلار.

ئەتكەسچىلىك قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئەپيۇن 200 گىرامدىن كۆپ، 1000 گىرامدىن ئاز، خىروئىن ياكى مېتىلامفېتامىن ئون گىرامدىن كۆپ، 50 گىرامدىن ئاز بولغان ياكى باشقا شۇ زەھەرلىك بۇيۇمنىڭ مىقدارى كۆپرەك بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئەتكەسچىلىك قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئەپيۇن 200 گىرامدىن ئاز، خىروئىن ياكى مېتىلامفېتامىن ئون گىرامدىن ئاز ياكى باشقا زەھەر بۇيۇم مىقدارى ئاز بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جفزاسى

بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن 2-، 3-، 4-تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا شۇ تارماقلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىشقا سېلىپ ۋە كۈشكۈرتۈپ، زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ياكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە زەھەرلىك بۇيۇم ساتقانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلىپ، ئېلىپ سېتىش، توشۇش ۋە ياساش قىلمىشلىرىنى كۆپ قېتىم سادىر قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنمىغانلارنىڭ زەھەرلىك بۇيۇم مىقدارىقوشۇپ ھېسابلىنىدۇ.

-348ماددا ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرغان ئەپيۇن 1000 گىرامدىن، خىروئىن ياكى مېتىلامفېتامىن 50 گىرامدىن كۆپ ياكى باشقا زەھەر بۇيۇم مىقدارى كۆپ بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىامەن قويۇلىدۇ؛ ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرغان ئەپيۇن 200 گىرامدىن كۆپ، 1000 گىرامدىن ئاز، خىروئىن ياكى مېتىلامفېتامىن ئون گىرامدىن كۆپ، 50 گىرامدىن ئاز ياكى باشقا زەھەرلىك بۇيۇم مىقدارى كۆپرەك بولغانلارغا ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-349ماددا زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئالغانلار، جىنايەتچىلەرنىڭ زەھەرلىك بۇيۇمنى ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تاپقان پۇل-مېلىنى ساقلاپ، يۆتكەپ ۋە يوشۇرۇپ بەرگەنلەرگە ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىزاسى بېرىلىدۇ؛

قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ.

زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىرىنى تۇتقۇچىلار ياكى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى باشقا خادىملاردىن زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان جىنايەتچىلەرنى قوغدىغان، قانات ئاستىغا ئالغانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ، ئالدىن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلار زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان ۋە ياسىغان ئورتاق جىنايەتچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ـ350ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سىركە كىسلاتا ئانگىدرىدى، ئېتىر، خلوروفروم ياكى زەھەرلىك بۇيۇم ياساشقا كېرەكلىك باشقا خام ئەشيا ۋە ياكى قوشۇلما خۇرۇچنى قانۇنسىز توشۇپ، ئېلىپ يۈرۈپ، چېگرىدىن كىرگۈزەەن ۋە چىقارغانلارغا ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يۇقىرىدىكى بۇيۇملارنى چېگرا ئىچىدە قانۇنسىز ئېلىپ ساتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىنزاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى كۆپ بولغانلارغا ئۈچ يىدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

باشقىلارنىڭ زەھەرلىك بۇيۇم ياسايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن بۇيۇملارنى بەرگەنلەر زەھەرلىك بۇيۇم ياسىغان ئورتاق جىنايەتچى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلارغا ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ351ماددا زەھەرلىك بۇيۇم چىقىدىغان ئەپيۇنگۈل، كەندىر قاتارلىق ئۆسۈملۈكلىرى بىردەك مەجبۇري چانتىشۋېتىلىدۇ .تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك

قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1)تېرىغان ئەپيۇنگۈلى 500 تۈپتىن كۆپ، 3000 تۈپتىن ئاز ياكى زەھەرلىك بۇيۇم چىقىدىغان باشقا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ مىقدارى كۆپرەك بولغانلار؛

(2)جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن يەنە تېرىغانلار؛

(3)چانىۋېتىشكە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر.

قانۇنسىز تېرىغان ئەپيۇنگۈلى 3000 تۈپتىن كۆپ ياكى زەھەرلىك بۇيۇم چىقىدىغان باشقا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ مىقدارى كۆپ بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئەپيۇنگۈل ياكى زەھەرلىك بۇيۇم چىقىدىغان باشقا ئۆسۈملۈكلەرنى قانۇنسىز تېرىغانلاردىن ھوسۇل يىغىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈكىدىن چانىۋەتكەنلەرگە جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

352ـ ماددا بىخ تارتىش كۈچىدىن قالمىغان ئەپيۇنگۈل قاتارلىق زەھەرلىك بۇيۇم چىقىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقىنى ياكى مايسىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ ساتقان، توشۇغان، ئېلىپ يۈرگەن ۋە ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغانلاردىن مىقدارى كۆپرەكلىرىگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

353ـ ماددا باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ ۋە ئالداپ زەھەرلىك بۇيۇم چەكتۈرگەن، ئىستېمال قىلدۇرغان ۋە ئوكۇل قىلىپ سالدۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

باشقىلارنى زورلاپ زەھەرلىك بۇيۇم چەكتۈرگەن، ئىستېمال قىلدۇرغان ۋە ئوكۇل قىلىپ سالدۇرغانلارغا

ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قىزىقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈپ، ئالداپ ياكى زورلاپ زەھەرلىك چېكىملىك چەكتۈرگەن، ئىستېمال قىلدۇرغان ۋە ئوكۇل قىلىپ سالدۇرغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-354ماددا باشقىلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشىگە، ئىستېمال قىلىشىغا ۋە ئوكۇل قىلىپ سېلىشىغا سورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

-355ماددا دۆلەت تىزگىنلەيدىغان ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى قانۇن بويىچە ئىشلەپچىقىرىدىغان، توشۇيدىغان، باشقۇرىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان خادىملاردىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى، ئىستېمال قىلغۇچى ۋە ئوكۇل قىلىپ سالغۇچىلارغا دۆلەت تىزگىنلەشنى بەلگىلىگەن، ئادەمنى خۇمار قىلالايدىغان ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى بەرگەنلىرىگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىنيۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەنمۇددەتلىك قاماق جىنازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى قىلغان، ساتىدىغان جىنايەتچىلەرگە ياكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى، ئىستېمال قىلغۇچى، ئوكۇل قىلىپ سالغۇچىلارغا دۆلەت تىزگىنلەشنى بەلگىلىگەن، كىشىلەرنى خۇمار قىلالايدىغان ناركوز دورىلىرىنى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى پايدا تېپىش مەقسىتىدە بەرگەنلەرگە مۇشۇ قانۇننىڭ 347-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلارغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ356ماددا زەھەرلى بۇيۇم ئەتكەسچىلىكى قىلىش، ئېلىپ سېتىش، توشۇش، ياساش ۋە ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ جازا ھۆكۈم قىلىنغانلاردىن مۇشۇ پاراگرافتا بەلگىلەنگەن جىنايەتلەرنى يەنە ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ـ357ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان زەھەرلىك بۇيۇم ئەپيۇن، خروئىن، مېتىلامفېتامىن، مورفى، نەشە، كوكايىنلارنى ھەم دۆلەت تىزگىنلەشنى بەلگىلىگەن ئادەمنى خۇمار قىلالايدىغان باشقا ناركوز دورىلىرى ۋە روھىي كېسەل دورىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

زەھەرلىك بۇيۇم مىقدارى ئەتكەسچىلىك قىلغان، ئېلىپ سېتىلغان، ياسالغان ۋە ئىلكىدە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇلغان زەھەرلىك بۇيۇمنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نەق مىقدارى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، ساپلىق دەرىجىسى بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلانمايدۇ.

سەككىزىنچى پاراگراف ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، مەجبۇرلاش، ئازدۇرۇش، سولاپ بېرىش ۋە تونۇشتۇرۇش جىنايىتى

ـ358ماددا باشقىلارنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرغان ياكى زورلىغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىفزاسياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ:

(1)باشقىلارنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلار؛

(2) 14ياشقا توشمىغان نارەسىدە قىزلارنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇرلىغانلار؛

(3)كۆپ كىشىنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇرلىغان ياكى باشقىلارنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا كۆپ قېتىم مەجبۇرلىغانلار؛

(4)باسقۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن،باشقىلارغا ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا مەجبۇرلىغانلار؛

(5)ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشقا زورلانغۇچىنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغانلار.

ئالدىنقى تارماقتىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغانلاردىن قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىرلىرىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

باشقىلارنى ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەنلەرگەن بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

359-ماددا باشقىلارنى ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشقا ئازدۇرغان، سولاپ بەرگەن ۋە تونۇشتۇرغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسىياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

14ياشقا توشمىغان نارەسىدە قىزلارنى ئازدۇرۇپ ئىپپەت-نومۇرىسنى ساتقۇزغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

360-ماددا ئۆزىنىڭ سىفلىس، سۆزنەك قاتارلىق ئېغىر جىنسىي كېسەلى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىپپەت-نومۇسنى ساتقانلار ۋە پاھىشىۋازلىق قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

14ياشقا توشمىغان نارەسىدە قىزلارنى قوندۇرۇپ پاھىشە قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

361-ماددا مېھمانخانا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورنى، ئاپتوموبىل كىراكەشلىك ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خادىملاردىن ئۆز ئورنىنىڭ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنى ئىپپەت-نومۇسنى سېتىشقا ئۇيۇشتۇرغان، زورلىغان، ئازدۇرغان، سولاپ بەرگەن

ۋە تونۇشتۇرغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 358-، 359-ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىرىدىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

362-ماددا مېھمانخانا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورنى، ئاپتوموبىل كىراكەشلىك ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خادىملاردىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئېپپەت-نومۇسنى سېتىش، پاھىشۋازلىق ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىۋاتقانغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇش قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 310-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

توققۇزىنچى پاراگراف شەھۋانىي بۇيۇملارنى ئىشلەش، ئېلىپ سېتىش ۋە تارقىتىش جىنايىتى

363-ماددا پايدا تېپىش مەقسىتىدە، شەھۋانىي بۇيۇملارنى ئىشلىگەن، كۆپەيتىپ ئىشلىگەن، نەشر قىلغان، ئېلىپ ساتقان ۋە تارقاتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

باشقىلارنىڭ شەھۋانىي كىتاب-ژۇرناللارنى نەشر قىلىشى ئۈچۈن كىتاب نومۇرى بەرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ شەھۋانىي كىتاب-ژۇرنال نەشر قىلىشقا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كىتاب نومۇرى بەرگەنلەر ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ.

364-ماددا شەھۋانىي كىتاب-ژۇرنال، كىنو فىلىمى، ئۈن-سىن بۇيۇمى، سۈرەت ياكى باشقا شەھۋانىي بۇيۇملارنى تارقاتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

شەھۋانىي كىنو، سىنئالغۇ فىلىمى قاتارلىق ئۈن-سىن بويۇملىرىنى قويۇشنى ئۇيۇشتۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

شەھۋانىي كىنو، سىنئالغۇ فىلىمى قاتارلىق ئۈن-سىن بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ ۋە كۆپەيتىپ، قويۇشنى ئۇيۇشتۇرغانلارغا ئىككىنچى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

18 ياشقا توشمىغانلارغا شەھۋانىي بۇيۇملارنى تارقاتقانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

365-ماددا شەھۋانىي ئويۇن قويۇشنى ئۇيۇشتۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

366-ماددا ئورۇنلاردىن مۇشۇ پاراگرافتىكى 363-، 364-، 365-ماددىلاردا بەلگىلەنگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جىۋابكار مەسئۇل خىدىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا شۇ ماددىلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-367ماددا بۇ قانۇندا ئېيتىلغان شەھۋانىي  بۇيۇملار جىنسىي ھەرىكەت كونكرېت تەسۋىرلەنگەن ياكى ئىشقىۋازلىق قىپيالىڭاچ تەرغىپ قىلىنغان، بۇزۇقچىلىقنى ئۆگىتىدىغان قىتاب-ژۇرنال، كىنو فىلمى، سىنئالغۇ-ئۈنئالغۇ لىنتىسى، سۈرەت ۋە باشقا شەھۋانىي بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەم فىزىئولوگىيىسى، تىببىي بىلىمگە ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەر شەھۋانىي بۇيۇم ھېسابلانمايدۇ.

ئىشقىۋازلىق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەدىنىي قىممەتكە ئىگە ئەدەبىي، بەدىئىي ئەسەرلەر شەھۋانىي بۇيۇم ھېسابلانمايدۇ .

يەتتىنچى باب دۆلەت مۇداپىئەسى مەنپەئىتىگە خەۋپ  يەتكۈزۈش جىنايىتى

-368ماددا ھەربىيلەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئۆتىشىگە  زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش يولى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن  مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جادزاسى، رېجىم جازاسى  بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ.

قورالىق قىسىملارنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قەستەن توسقۇنلۇق قىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى  بېرىلىدۇ.

-369ماددا قورال-جابدۇق، ھەربىي ئەسلىھە ۋە ھەربىي ۋەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن ت،ۋەن مۇددەتلىك قاماق ـ[زاسى، تۇتۇپ تۇرۇپئەملۆەككە سلېش ـازاسى ياكى رېـم ـازاسى بېرىلىدۇ؛ مۇھىم قورال-ـابدۇق، ھەربىي ئەسلىھە ۋە ھەربىي ۋەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغان ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن ت،ۋەن مۇددەتلىك قاماق ـازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق ـازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

-370ماددا ئۆلچەمگە توشمايدىغان قورال-جابدۇق، ھەربىي ئەسلىھە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ،

ئۇلارنى قوراللىق قىسىملارغا بەرگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جىزاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن 1-تارماقتا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا 1-تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

-371ماددا چېكلەنگەن ھەربىي ئىشلار دائىرىسىگە توپلىشىپ بېسىپ كىرىپ، شۇ دائىرىنىڭ تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرغانلارنىڭ باش ئۇنسۇرلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا بەش يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جىزاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ھەربىي باشقۇرۇش رايونلىرىنىڭ تەرتىپىنى توپلىشىپ قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، شۇ رايونلارنى ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلارنىڭ باش ئۇنسۇرلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى،يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ؛ باشقا ئاكتىپ قاتناشقۇچىلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

-372ماددا ھەربىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كۆز بوياماچىلىق قىلغانلارغا ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك

قاماق جىنزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جىنزاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جىنزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ.

373ـ ماددا ھەربىيلەرنى قىسمىدىن قېچىپ كېتىشكە قۇترىتىقان ياكى قىسمىدىن قاچقان ھەربىي ئىشەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يالاپ ئىشلەتكەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ.

374ـ ماددا ئەسكەر ئېلىش خىزمىتىدە، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇنسىز ھالدا لاياقەتسىز ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلغان ۋە يوللاپ بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

375ـ ماددا قوراللىق قىسىملارنىڭ ھۆججەت ـ ئالاقە، گۇۋاھنامە ۋە تامغىلىرىنى ياسىۋالغان، ئۆزگەرتىپ ياسىغان، ئېلىپ ساتقان ياكى ئوغرىلىغان، تارتىۋالغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رېجىم جىنزاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

قوراللىق قىسىملارنىڭ فورمىسى، ماشىنا نومۇرى قاتارلىق خاس بەلگىلىرىنى قانۇنسىز ئىشلەتكەن ۋە ئېلىپ ـ ساتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئىككىنچى تارماقتا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا شۇ تارماقتىكى بەلگىلىمە

بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

376-ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە چاقىرىقنى ياكى ھەربىي تەلىمنى رەت قىلغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ھەربىي مەجبۇرىيەتتىكىلەرنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

376-ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە چاقىرىقنى ياكى ھەربىي تەلىمنى رەت قىلغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ھەربىي مەجبۇرىيەتتىكىلەرنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشنى رەت قىلغان، ئۆزىنى قاچۇرغان پۇقرالاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئىككى يىدىلن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سلېش جازاسى بېرىلىدۇ.

377-ماددا ئۇرۇش مەزگىدە، قورالىلىق قىسىملارغا دۈشمەن ئەھۋالى توغرىسىدا قەستەن يالغان مەلۇمات بېرىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

378-ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ھەربىيلەرنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رېجىم جفزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلا رغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

379-ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە، قىسىمدىن قاچقان ھەربىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇنىدىغان جاي، پۇل-مال ھازىرلاپ بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

380-ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە، ھەربىي زاكازنى رەت قىلغان ياكى قەستەن كېچىكتۈرگەن ئورۇنلاردىين

قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا جەرىمانە قوشۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ381ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە، ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئېلىپ ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى بېرىشنى رەت قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

سەككىزىنچى باب خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى

ـ382ماددا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، جامائەتنىڭ پۇل-مېلىنى يەپ كېتىشى، ئوغرىلىشى، ئالداپ ئېلىۋېلىشى ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشى خىيايەتچىلىك جىنايىتى بولىدۇ.

ـ383ماددا خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ:

(1)شەخسىي خىيانەت سوممىسى 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جىغازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسا بولىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۆلۈم جىغازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛

(2)شەخسىي خىيانەت سوممىسى 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان، 100 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىغازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسا بولىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ،

قوشۇمچە مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛

(3)شەخسىي خىيانەت سوممىسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغان، 50 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بىر يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا يەتتە يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەنمۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. شەخسىي خىيانەت سوممىسى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغان، 10 مىڭ يۈەنگە يەتمىگەن، جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن توۋا قىلىپ، هارامنى ئاكتىپلىق بىلەن قايتۇرغانلارغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە ياكى جىنايى جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ، ئۇلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛

(4)شەخسىي خىيانەت سوممىسى 5000 يۈەنگە يەتمىسىمۇ، قىلمىشى ئېغىرراق بولغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان ئەھۋالغا قاراپ مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

كۆپقېتىم خىيانەت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنمىغانلارغا خىيانەت سوممىسىنىڭ يىغىندىسى بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ384ماددا دۆلەت خادىملىرى ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، جامائەتنىڭ پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلىپ ئىشلىتىۋېلىپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا ياكى جامائەتنىڭ كۆپرەك پۇلنى ئىشلىتىۋېلىپ پايدا ئېلىش ھەرىكىتىدە بولسا ۋە ياكى جامائەتنىڭ كۆپرەك پۇلنى ئىشلىتىۋېلىپ قايتۇرمىغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، جامائەتنىڭ پۇلنى ئىشلىتىۋېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. بۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. جامائەتنىڭ ناھايىتى كۆپ پۇلنى ئىشلىتىۋېلىپ قايتۇرمىغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى

بېرىلىدۇ.

ئاپەتتىن ۋە خىگتەردىن قۇتقۇزۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئېتىبار بېرىش ـ نەپىقە بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، ئاھالە كۆچۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزىنىڭ قىسىپ ئىشلىتىۋالغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ـ385ماددا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلاردىن پۇل ـ مال تەلەپ قىلىپ ياكى باشقىلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى قانۇنسىز ئېلىپ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى پارا ئېلىش جىنايىتى بولىدۇ.

دۆلەت خادىملىرىدىن ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۈرلۈك نام بىلەن ئۇستىەك، رەسمىيەت ھەققى ئېلىپ ئۆزىنى قىلىۋالغانلار پارا ئالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ـ386ماددا پارا ئېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئالغان پارا سوممىسىغا ۋە قىلمىشىغا قاراپ مۇشۇ قانۇننىڭ 383 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ. پارا تەلەپ قىلغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

ـ387ماددا باشقىلاردىن پۇل ـ مال تەلەپ قىلىپ ۋە قانۇنسىز ئېلىپ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلاردىن ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە ھېساب سىرتىدا تۈرلۈك نامدا بېرىلگەن ئۇستىەك، رەسمىيەت ھەققىنى خۇپىيانە ئالغانلىرى پارا ئالغان دەپ قارىلىپ، ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ.

ـ388ماددا دۆلەت خادىملىرى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن ياكى مەرتىۋىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە جەھەتتىكى ھەرىكىتى ئارقىلىق نامۇۋاپىق

مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پۇل-مال تەلەپ قىلسا ياكى ئالسا پارا ئالغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

-389ماددا نامۇۋاپىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، دۆلەت خادىملىرىغا پۇل-مال بېرىش پارا بېرىش جىنايىتى بولىدۇ.

ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت خادىملىرىغا كۆپرەك پۇل-مال بەرگەنلەر ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ دۆلەت خادىملىرىغا تۈرلۈك نامدا ئۇستەك، رەسمىيەت ھەققى بەرگەنلەر پارا بەرگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

قاقتى-سوقتى قىلىنغانلىقتىن دۆلەت خادىملىرىغا پۇل-مال بەرگەن بولسىمۇ، نامۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنلەر پارا بەرگەنلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ.

-390ماددا پارا بېرىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پارا بېرىپ، نامۇۋاپىق مەنپەئەت ئالغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ياكى دۆلەت مەنپەئىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنسا بولىدۇ.

پارا بەرگەنلەر سۈرۈشتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن پارا بېرىش قىلمىشنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرسا، يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

-391ماددا نامۇۋاپىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىغا پۇل-مال بەرگەن ياكى ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۈرلۈك نامدا ئۇستەك، رەسمىيەت ھەققى بەرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئورۇنلاردىن ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ

بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ392ماددا دۆلەت خادىملىرىغا پارا بەرگۈچىلەرنى تونۇشتۇرغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. پارا بەرگۈچىلەرنى تونۇشتۇرغۇچىلار سۈرۈشتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن پارا بەرگۈچىلەرنى تونۇشتۇرۇش قىلمىشىنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرسا، يېنىكلىتىپ جازا بېرىلسە ياكى جىزا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

ـ393ماددا نامۇۋاپىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ پارا بەرگەن ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت خادىملىرىغا ئۇستەك، رەسمىيەت ھەققى بەرگەن ئورۇنلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. پارا بېرىپ ئېرىشكەن قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 389 ـ ۋە 390ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ394ماددا دۆلەت خادىملىرىدىن مەملىكەت ئىچىدىكى ھۆكۈمەت پائالىيىتىدە ياكى تاشقى ئالاقىدە كۆپرەك سوۋغات قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تاپشۇرمىغانلىرىغا مۇشۇ قانۇننىڭ 382ـ ۋەـ383 ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمەلەر بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ395ماددا مال ـ مۈلكى ياكى چىقىمى قانۇنلۇق كىرىمىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن، پەرق بەك زور بولغان دۆلەت خادىملىرى كىرىم مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكە بۇيرۇلسا بولىدۇ. ئۆز كىرىمىنىڭ قانۇنلۇق يول بىلەن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلەرنىڭ ئارتۇق كىرىمى قانۇنسىز تاپاۋەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئۇلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، مال ـ مۈلكىنىڭ ئارتۇق قىسمى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

دۆلەت خادىملىرى چېگرا سىرتىدا ئامانەت قويغان پۇلنى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەلۇم قىلىشى كېرەك. سوممىسى كۆپرەك بولۇپ، يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازىسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان ئەھۋالغا قاراپ مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

-396ماددا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت مۈلكىنى ئورۇن نامىدا كوللېكتىپ ھالدا شەخسىي بۆلۈشۈۋالغان دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت شىركەتلىرى، كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىن سوممىسى كۆپرەك بولغانلىرىنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنازسىياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە ياكى ئايرىم جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ سوممىسى ناھايىتى كۆپ بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

ئەدلىيە ئورگانلىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلاردىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان جەرىمانە، مۇسادىرە پۇل-ماللارنى ئورۇن نامىدا كوللېكتىپ ھالدا شەخسىي بۆلۈشۈۋالغانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ

توققۇزىنچى باب مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى

-397ماددا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىدىن خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ ياكى خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، جامائەتنىڭ مال-مۈلكىنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن

تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئونيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنزاسى بېرىلىدۇ. مۇشۇ قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

ـ398ماددا دۆلەت مەخپىيەتنى ساقلاش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت مەخپىيەتنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئاشكارىلاپ قويغان دۆلەت ئورگىنى خىدىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن باشقا كىشلەردىن ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەھۋالغا قاراپ جازا بېرىلىدۇ.

ـ399ماددا نەپسانىيەتچىلىك ۋە يۈز خاتىرە قىلىپ قانۇننى بۇزۇپ، جىنايەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ جاۋابكارلىققا تارتقان، جىنايەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن قانات ئاستىغا ئېلىپ جاۋابكارلىققا تارتىلىشتىن ساقلاپ قالغان ياكى جىنايى ئىشلار سوت پائالىيىتىدە پاكىت ۋە قانۇنغا قەستەن خىلاپلىق قىلىپ، ناھەق ھۆكۈم-كېسىم چىقارغان ئەدلىيە خادىملىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەلتىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ھەق تەلەپ، مەمۇرىي سوت پائالىيىتىدە پاكىت ۋە قانۇنغا قەستەن خىلاپلىق قىلىپ، ناھەق

ھۆكۈم-كېسىم چىقارغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئەدلىيە خادىملىرىدىن پارىخورلۇق قىسىپ قانۇننى بۇزۇپ، ئالدىنقى ئىككى تارماقتىكى قىلمىشلارنى سادىر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ قانۇننىڭ 385ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جىنايەتنىمۇ شەكىللەندۈرگەنلەر ئېغىرراق جازا بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازالىنىدۇ.

400ـ ماددا ئەدلىيە خادىملىرىدىن قاماقتىكى جىنايەت گۇماندارى، جىنايەتچىنى ئاسترىتتىن قويۇپ بەرگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئەدلىيە خادىملىرىدىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، قاماقتىكى جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكار ياكى جىنايەتچىنى قاچۇرۇپ قويۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

401ـ ماددا ئەدلىيە خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقىتنىچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى كېمەيتكەن، ئۇلارنى شەرتلىك قويۇپ بەرگەن ياكى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ۋاقىتنىچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

402-ماددا نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي خادىملاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

403-ماددا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارمىقىدىكى دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شىركەت قۇرۇش، تىزىملىتىش ئىلتىماسىنى ياكى پاي چېكى، زايوم تارقىتىش، بازارغا سېلىش ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ ياكى تىزىملاپ، جامائەتنىڭ مال-مۈلكىنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار تىزىملاش ئورگىنىنى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنى يۇقىرىقى تارماقتا ئېيتىلغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلىغان بولسا، ئۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

404-ماددا باج ئورگىنى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك باج پۇلىنى ئالماي ياكى ئاز ئېلىپ، دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە زور زىيان پەيدا قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

405-ماددا باج ئورگىنى خادىملىرىدىن قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تالون تارقىتىش-سېتىش، باج پۇلىنى توغرىلاپ چىقىرىۋېتىش ۋە ئېكسپورت باج قايتۇرمىسى بېرىش خىزمىتىگە نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛

دۆلەت مەنپەئىتىنى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

باشقا دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان مالنى تامۇژنىغا مەلۇم قىلىش تالونى، ئېكسپورتتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش تالونى قاتارلىق ئېكسپورت باج قايتۇرمىسى دوكۇمېنتلىرىنى بېرىش خىزمتى جەريانىدا نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ406ماددا دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن توختام تۈزۈش، ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئالدىنىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ دۆلەت مەنپەئىتىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ407ماددا ئورمان قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دەل ـ دەرەخلەرنى تەستىقلانغان يىللىق كېسىش نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ كېسىشكە ئىجازەتنامە بېرىش ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىش ئىجازەتنامىسىنى نىكەلسە ـ كەلمەس بېرىش قىلمىشى ئېغىرا بولغان ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى خادىملىرىدىن ئورماننى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلارغا ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ408ماددا مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ئورگىنى خادىلىرىدىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، زور مۇھىت بولغىنىش ھادىسىسىنى تۇغدۇرۇپ، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى زور زىيانغا ئۇچراتقان ياكى تالاپەت پەيدا قىلىتەك ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

409-ماددا ھۆكۈمەتنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەھىيە مەمۇرىي تارمىقىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ياكى كېڭىيىشىنى پەيدا قىلغان خادىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىنايى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

410-ماددا نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، يەر باشقۇرۇش قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، يەر ئېلىپ ئىشلىتىش، يەر ئىگىلەشنى قانۇنسىز تەستىقلىغان ياكى دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تۆۋەن باھادا قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بەرگەن دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ دۆلەتنىڭ ياكى كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى پەۋقۇلئاددە زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

411-ماددا نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئەتكەسچىلىككە يول قويغان تاموژنا خادىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

412-ماددا دۆلەتنىڭ تاۋار تەكشۈرۈش تارمىقى، تاۋار تەكشۈرۈش ئاپپاراتى خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆيدۈرۈپ چىققانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن خادىملاردىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بۇيۇملارنى تەكشۈرمەي ياكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كېچىكتۈرۈپ چىقىرىپ، خاتا چىقىرىپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ

تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

413-ماددا ھايۋانات-ئۆسۈملۈك كارانتىن ئورگىنىنىڭ كارانتىن خادىملىرىدىن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، كارانتىن نەتىجىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىقانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى بېرىلىدۇ.

يۇقىرىقى تارماقتا ئېيتىلغان خادىملاردىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، كارانتىن قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى كارانتىن قىلماي ياكى كارانتىن ئىسپاتىنى كېچىكتۈرۈپ چىقىرىپ، خاتا چىقىرىپ دۆلەت مەنپەئىتىنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

414-ماددا يالغان، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش جىنايى قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

415-ماددا پاسپورت، ۋىزا بېجىرىش ياكى چېگرىدىن چىقىش-كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە مەسئۇل دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىلەرگە بىلىپ تۇرۇپ دۆلەت چېگرىسىدىن (چېگرىدىن (چىقىش-كىرىش گۇۋاھنامىلىرىنى بېجىرىپ بەرسە ياكى چېگرا مۇداپىئە ئورگىنى، تاموژنا ئورگىنى قاتارلىق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىدىملىرى دۆلەت چېگرىسىدىن (چېگرىدىن (ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلارنى بىلىپ تۇرۇپ قويۇۋەتسە، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

416-ماددا ئالداپ سېتىلغان، تۇتۇپ كېتىلگەن ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە

ئالغان دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرى ئالداپ سېتىلغان، تۇتۇپ كېتىلگەن ئاياللار، بالىلار ۋە ئۇنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مەلۇماتىنى قوبۇل قىلىپ، ئالداپ سېتىلغان، تۇتۇپ كېتىلگەن ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلسا، بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ قۇتقۇزۇشقا توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ئىككى يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى يېنىكرەك بولغانلارغا ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

417-ماددا جىنايى ھەرىكەتلەرنى تەقىپ قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىدىن جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ، قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ياردەم بەرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

418-ماددا دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە نەپسانىيەتچىلىك قىلغان دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

419-ماددا ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ياكى يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ

ئونىنچى باب ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى

420-ماددا ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي مەنپەئەتىگە زىيان

يەتكۈزگەن، قانۇن بويىچە جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان قىلمىشلىرى ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيەتكە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى بولىدۇ.

-421ماددا ئۇرۇش مەزگىلدە بۇيرۇققا قارشىلىق كۆرسىتىپ، جەڭگە زىيان يەتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ جەڭ ۋە ئۇرۇشنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

-422ماددا ھەربىي ئەھۋالنى قەستەن يوشۇرۇپ، يالغان مەلۇم قىلىپ ياكى ھەربىي بۇيرۇق يەتكۈزۈشنى رەت قىلىپ، يالغان ھەربىي بۇيرۇق يەتكۈزۈپ، جەڭگە زىيان كەلتۈرگەنلەرگە ئۈچ يىدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ جەڭ ۋە ئۇرۇشنى زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

-423ماددا جەڭ مەيداندا ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ئۆزلۈكىدىن قورال تاشلاپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

تەسلىم بولغاندىن كېيىن، دۈشمەنگە خىزمەت قىلغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

-424ماددا ئۇرۇش مەزگىلدە جەڭدىن بۇرۇن قېچىپ ئۇرۇش مەزگىلدە جەڭدىن بۇرۇن قېچىپ كەتكەنلەرگەن ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ جەڭ ۋە ئۇرۇشنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

425ـماددا قوماندانلىق قىلغۇچىلار، دىجۇرنىلار ۋە زىپپە ئۆتكۈچىلەردىن خىزمەت ئورنىدىن خالىغانچە كېتىپ قېلىپ ياكى خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

426ـماددا قوماندانلىق قىلغۇچىلار ياكى دىجۇرنىلار، ۋەزىپە ئۆتكۈچىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈشىگە زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى پەيدا قىلغانلارغا ياكى قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

427ـماددا خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ قول ئاستىدىكىلەرنى مەسئۇلىيەتكە خىلاپ ئىشنى قىلدۇرۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا بە شيلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جفزاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

428ـماددا قوماندانلىق قىلغۇچىلاردىن بۇيرۇققا قارشى چىقىپ، جەڭدىن قورقۇپ، ئۇرۇشتا پاسسىپلىق قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ جەڭ ۋە ئۇرۇشنى زور زىيانغا ئۇچراتقانلىرىغا ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

429ـماددا جەڭ مەيداندا خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغان دوست-قوشنا قىسىمنىڭ ياردەم بېرىشنى

تەلەپ قىلىشۋاتقانلىقىنى بىلىپ ۋە ياردەم بېرەلەيدىغان تۇرۇپ ياردەم بەرمەي، دوست-قوشنا قىسمىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان قوماندانلىق قىلغۇچىلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ430ماددا ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە خىزمەت ئورنىدىن ئۆزىچە ئايرىلىپ دۆلەت چېگرىسىدىن ئاسىيلىق قىلىپ قېچىپ ياكى چېگرا سىرتىدا ئاسىيلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئاۋىئا ۋاستىلىرى، كېمە-پاراخوتلارنى ھەيدەپ ئاسىيلىق قىلىپ قاچقانلارغا ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ431ماددا ئوغرىلاش، تىڭ-تىڭلاش، سېتىۋېلىش يولى بىلەن ھەربىي مەخپىيەتلىكنى قانۇنسىز قولغا چۈشۈرگەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

چېگرا سىرتىدىكى ئاپپاراتلار، تەشكىلاتلار ۋە خادىملارغا ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاپ، تىڭ-تىڭلاپ، سېتىۋېلىپ، قانۇنسىز بەرگەنلەرگە ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ432ماددا دۆلەت مەخپىيىتىنى ساقلاش قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئاشكارىلاپ قويغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى

بېرىلىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە بەشيىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-433ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىغۋا تارقىتىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرغانلارغا ئۈچيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسە بولىدۇ.

-434ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈۋېلىپ، ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن باش تارتقانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-435ماددا ھەربىي مەجبۇرىيەت قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، قىسمدىن قاچقانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى تارماقتىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-436ماددا قورال-جابدۇق ئىشلىتىش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشى، ئۆلۈشىنى ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىددىن

يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ437ماددا قورال-جابدۇق باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قورال-جابدۇقلارنىڭ سەپلەپ ئىشلىتىلىشىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ438ماددا قورال-جابدۇق ياكى ھەربىي ئەشيالارنى ئوغرىلىغان، تارتىۋالغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

قوغرال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە پارتلاتقۇچلارنى ئوغرىلىغان، تارتىۋالغانلارغا مۇشۇ قانۇننىڭ 127ـماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

ـ439ماددا ئارمىيىنىڭ قورال-جابدۇقلىرىنى قانۇنسىز ساتقان، ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرگە ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ زور مىقداردىكى قورال-جابدۇقنى ساتقان، ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرگە ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ440ماددا بۇيرۇققا قارشى چىقىپ، قورال-جابدۇقنى تاشلىۋەتكەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ مۇھىم ياكى زور مىقداردىكى قورال-جابدۇقنى تاشلىۋەتكەنلەرگە ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ441ماددا بۇيرۇققا قارشى چىقىپ، قورال-جابدۇقنى تاشلىۋەتكەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن

مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ مۇھىم ياكى زور مىقداردىكى قورال-جابدۇقنى تاشلىۋەتكەنلەرگەن ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا بەشيىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ441ماددا قورال-جابدۇقنى يوقىتىپ قويۇپ، ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىغانلارغا ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ442ماددا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئارمىيىنىڭ ئۆي-زېمىننى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ساتقان، ئۆتنۈپ بەرگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغان بىۋاستە جاۋابكارلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ443ماددا خىزمەت هوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى خارلاش قىلمىشى قەبىھ بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئېغىر زەخىملىنىشىنى ياكى باشقا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلغانلارغا بەشيىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ444ماددا جەڭ مەيدانىدا يارىدار ۋە كېسەل ھەربىيلەرنى قەستەن تاشلاپ كەتكەنلەردىن قىلمىشى قەبىھ بولغان بىۋاستە جاۋابكارلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ـ445ماددا ئۇرۇش مەزگىلىدە قۇتقۇزۇش-داۋالاش ئورنىدا، قۇتقۇزۇش-داۋالاش شارائىتى بار تۇرۇقلۇق كېسىلى خەۋپلىك، ئېغىر ھەربىيلەرنى قۇتقۇزۇپ داۋالاشنى رەت قىلغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ يارىدار-كېسەل ھەربىيلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مېيىپ بولۇشىنى، ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ياكى باشقا قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-446ماددا ئۇرۇز مەزگىلىدە ھەربىي ھەرىكەت رايونىدا بىگۇناھ ئاھالىلەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەنلەرگە ياكى بىگۇناھ ئاھالىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى تالان-تاراج قىلغانلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلارغا ئون يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جىزاسى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

-447ماددا ئەسىرلەرنى ئاستىرتتىن قويۇپ بەرگەنلەرگەن بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. مۇھىم ئەسىرلەرنى ئاستىرتتىن قويۇپ بەرگەن ۋە كۆپ ئەسىرنى ئاستىرتتىن قويۇپ بەرگەنلەرگە ياكى باشقا قىلمىشى ئېغىر بولغانلارغا بەش يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

-448ماددا ئەسلەرنى خارلاش قىلمىشى قەبىھ بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدۇ.

-449ماددا ئۇرۇش مەزگىلدە ئۈچ يىدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن، نەق خەۋپى بولمىغانلىقتىن جازاسىنى كېچىكتۈرۈش جاكارلانغان جىنايەت ئۆتكۈزەن ھەربىيلەرنىڭ خىزمەت كۆرستىپ جىنايىتىنى يۇيۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، ھەقىقەتەن خىزمەت كۆرستىش ئىپادىسى بولغاندا، ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا كۈچتىن قالدۇرۇلۇپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا بولىدۇ.

-450ماددا بۇ باب جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى رەسمىي ئوفىتسېر، مۇلكىي كادىر، ئەسكەرلەرگە ۋە ھەربىي تەۋەلىكتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەم جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىكى رەسمىي ئوفىتسېرلار، مۇلكىي كادىرلار، ئەسكەرلەر ۋە ھەربىي تەۋەلىكتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەم ھەربىي ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى زاپاس خادىملار ۋە باشقا خادىملارغا تەتبىقلىنىدۇ.

-451ماددا مۇشۇ بابتا دېيىلگەن ئۇرۇش مەزگىلى دۆلەت ئۇرۇش ھالىتى جاكارلىغان ۋاقىتنى، قىسىم جەڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان ياكى دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ۋاقىتنى كۆرستىدۇ.

قىسمىلارنىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ياكى ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتى ئۆرۈش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

قوشۇمچە پرىنسىپ

452ـ ماددا بۇ قانۇن 1997ـ يىل 10ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

مۇشۇ قانۇننىڭ قوشۇمچە (1)دىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى ئىنزاملىرى، قوشۇمچە بەلگىلىمىلىرى ۋە بېكىتمىلىرىدىن مۇشۇ قانۇنغا كىرگۈزۈلگەنلىرى ياكى تەتبىقلانمايدىغانلىرى مۇشۇ قانۇن يولغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ بىكار قىلىنىدۇ.

مۇشۇ قانۇننىڭ قوشۇمچە (2) دىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىلىرىگە ۋە بېكىتمىلىرى ساقلاپ قېلىنىدۇ. بۇلاردىن مەمۇرىي جازا ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرگە دائىر بەلگىلىمىلەر مۇشۇ قانۇنغا كىرگۈزۈلدى، شۇڭا مۇشۇ قانۇن يولغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ مۇشۇ قانۇندىكى بەلگىلىمە تەتبىقلىنىدۇ.